# ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللار

تۈزگۈچى : مۇھەممەد ئۆمەر جېلىل (تۇبا)

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز........................................ 1**
**مۇقەددىمە ........................................ 3**
**ئىسلامنى بۇزىدىغان بىرىنچى ئامىل ........................ 4**
الله قا شېرىك كەلتۈرۈش........................................4
چوڭ شېرىك........................................ 7
چوڭ شېرىكنىڭ تۈرلىرى ........................................ 8
بىرىنچى، دۇئادىكى شېرىك ........................................ 8
ئىككىنچى، نىيەتتىكى چوڭ شېرىك........................................ 10
ئۈچىنچى، بويسۇنۇشتىكى شېرىك ........................................ 11
تۆتىنچى، ياخشى كۆرۈشتىكى شېرىك ........................................ 16
كىچىك شېرىك ........................................ 21
ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن شېرىكلەر........................................22
بىرىنچى، ئاشكارا كىچىك شېرىك ........................................22
ئىككىنچى، مەخپىي شېرىك........................................ 23
رىيا ئارىلاشقان ئەمەللەرنىڭ ھالەتلىرى........................................ 26
كىچىك شېرىك بىلەن چوڭ شېرىكنىڭ پەرقلىرى ........................................28
**ئىسلامنى بۇزىدىغان ئىككىنچى ئامىل ........................ 30**
الله بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىلەرنى قىلىۋېلىش ........................................30
مۇشرىكلارنىڭ توغرا دەپ دەۋا قىلغان دەلىللىرى........................................ 47
بىرىنچى دەلىلى ........................................ 47
ئىككىنچى دەلىلى ........................................ 48
ئۈچىنچى دەلىلى ........................................ 50
تۆتىنچى دەلىلى ........................................ 50

ۋەسۋەسە قىلىشنىڭ تۈرلىرى.......................... 52
دۇرۇس بولغان ۋەسۋەسە قىلىش ........................ 52
چەكلەنگەن ۋەسۋەسە قىلىش.......................... 53
ئىسلامنى بۇزىدىغان بىرىنچى ئامىل بىلەن ئىككىنچى ئامىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق.............................................. 53
**ئىسلامنى بۇزىدىغان ئۈچىنچى ئامىل ...................... 54**
مۇشرىك ۋە كاپىرلارنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىش.............. 54
تەۋھىدتە بولۇشى زۆرۈر بولغان ئىككى ئىش................... 54
بىرىنچى، تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ....................... 54
ئىككىنچى، الله قا ئىمان كەلتۈرۈش....................... 54
ئىسلامنى بۇزىدىغان ئۈچىنچى ئامىلنىڭ خۇلاسىسى............... 60
الله قا كاپىر بولغۇچىنىڭ ھالەتلىرى ....................... 60
بىرىنچى خىل ھالەت ............................... 60
ئىككىنچى خىل ھالەت ............................... 60
**ئىسلامنى بۇزىدىغان تۆتىنچى ئامىل......................... 64**
ھۆكۈمدارنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغان ھالەتلىرى.................. 69
**ئىسلامنى بۇزىدىغان بەشىنچى ئامىل ........................ 73**
مەزكۇر تېمىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر......................... 76
**ئىسلامنى بۇزىدىغان ئالتىنچى ئامىل ....................... 78**
الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش........................ 78
دىنىنى مەسخىرە قىلىش............................... 78
پەيغەمبەر ﷺ نى، ساھابىلەرنى، ئالىملارنى ۋە سالىھ كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش........................................ 80
ئالىملارنى مەسخىرە قىلىشنىڭ ھالەتلىرى...................... 82

ساھابىلەرنى تىللاش ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغان
ھالەتلىرى ........................ 84
ئىلىم ئەھلى ۋە سالىھ كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ ھالەتلىرى..... 85
**ئىسلامنى بۇزىدىغان يەتتىنچى ئامىل .................. 88**
سېھىر ئۇقۇمى ........................ 88
سېھىرنىڭ تەسىرى بارلىقى .................. 88
سېھىرنىڭ شېرىك دائىرىسىگە كىرىپ كېتىش سەۋەبى............. 91
سېھىرگەرنىڭ ھۆكمى........................ 92
سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمى................... 95
سېھىرلەنگەن كىشىنى سېھىردىن يېشىش توغرىسىدا.............103
**ئىسلامنى بۇزىدىغان سەككىزىنچى ئامىل.....................105**
مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلار بىلەن ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش...105
مۇشرىكلارغا مۇۋاپىقلاشقانلىقنىڭ ھالەتلىرى ..............112
مەزكۇر تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە تۈرلۈك مەسىلىلەر..........114
ئۇرۇشتا كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىشقا بولامدۇ؟..................118
شەرتلىك دۇرۇس دېگەن ئالىملارنىڭ كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىشنىڭ دۇرۇس
ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن شەرتلىرى.................... 119
مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى باغىي گۇرۇھلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن
كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىش ....................... 121
**ئىسلامنى بۇزىدىغان توققۇزىنچى ئامىل .................. 124**
**ئىسلامنى بۇزىدىغان ئونىنچى ئامىل........................129**
الله نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈش .......................... 129
**خاتىمە................................ 138**

# بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر! بىز ئۇ زاتنى مەدھىيىلەيمىز، ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تاكى قىيامەتكىچە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

اللە تائالا بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىپ، ئۇلارغا ئىبادەت يوللىرىنى كۆرسەتكەن ھەمدە شۇ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ۋە تەرك ئېتىش جەريانىدا بىلىپ-بىلمەي كاپىر بولۇپ كېتىدىغان بەزى ھالەتلەرنى ئېنىق بايان قىلىپ بەرگەن. ۋەھالەنكى، بىر قىسىم كىشىلەر اللە بۇيرۇغان ئىبادەتنى لايىقىدا ئورۇنداپ مۇئمىنلىك سۈپىتىگە ئىگە بولىدۇ؛ بىر قىسىم كىشىلەر ئىبادەتتىن يۈز ئۆرۈپ كاپىر بولىدۇ؛ بىر قىسىم كىشىلەر اللە بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن، مۇئمىنلىكنى يوقىتىپ قويىدىغان بەزى ئامىللارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلامدىن چىقىپ كېتىپ مۇرتەد بولىدۇ؛ يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر دىندا چەكتىن ئېشىپ، ئىمانلىق كىشىلەرنى ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىدۇ؛ يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر دىننى سۇيۇقلاشتۇرۇپ، كاپىر كىشىلەرنى ئىسلام دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام ۋە كۇفرى مەسىلىسى — ئىسىم ۋە ھۆكۈملەر مەسىلىسى

بولۇپ، دۇنيادا دوستلىشىش ياكى دۈشمەنلىشىش، ئۆلتۈرۈش ياكى قېنىنى ساقلاشنى؛ ئاخىرەتتە بولسا، جەننەت ۋە جەننەتتىكى نېئمەتلەرنى ياكى دوزاخ ۋە دوزاختىكى ئازابلارنى ۋاجىب قىلىدىغان مەسىلىدۇر.

شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللارنى سادىر قىلىپ كاپىر ۋە مۇرتەد بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ «ئىسلامنى بۇزىدىغان 10 ئامىل» ناملىق رىسالىسىنى ئىزاھلاشنى لايىق كۆردۇم. چۈنكى ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەۋاتقان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللارغا سەل قاراۋاتىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمەيۋاتىدۇ. ئۆز دىنىغا كۆيۈنگەن ۋە الله نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورققان ھەربىر كىشىنىڭ ئىسلامنى بۇزىدىغان بۇ ئامىللارنى الله بىزلەردىن تەلەپ قىلغان بويىچە چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىشى ۋە لايىقىدا ئەمەل قىلىشى زۆرۈردۇر.

ئاخىرىدا، الله تائالادىن قىلغان بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمنى پەقەت ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان خالىس ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى، بۇ كىتابنى مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن. شۈبھىسىزكى، الله تائالا ھەر نەرسىگە قادىر ۋە پەزلى ـ مەرھەمىتى كەڭرى زاتتۇر.

ـــ تۈزگۈچىدىن

2025 ـ يىل مارت

## مۇقەددىمە

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. شۇنى ئېنىق بىلگىكى، ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللار 10 تۈرلۈكتۇر». مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىنىڭ بۇ رىسالىسىنى قۇرئان كەرىم بىسمىللاھ بىلەن باشلانغانلىقى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىنى بىسمىللاھ بىلەن باشلاپ يازغانلىقى ئۈچۈن بىسمىللاھ بىلەن باشلىغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ «ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللار 10 تۈرلۈكتۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئەمەلىيەتتە ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللار 10 دىن كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتە تۆت مەزھەب ئالىملىرى ئۆزىنىڭ فىقھى كىتابلىرىدا «مۇرتەدنىڭ ھۆكمى» توغرىسىدىكى بابتا كەڭرى توختالغان. لېكىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مەزكۇر رىسالىسىدە ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللار ئىچىدىكى ئالىملار بىرلىككە كەلگەن، ئەڭ خەتەرلىك ۋە كۆپىنچە ۋاقىتتا كىشىلەر سادىر قىلىپ قالىدىغان ئامىللارنى بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇسۇلمان دېگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىسلامنى بۇزىدىغان بۇ ئامىللارنى ئۆگىنىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى بۇنى ئۆگىنىشكە سەل قارىسا، خۇددى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللارنى سادىر قىلىپ قالغاندەك، ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئىسلامنى بۇزىدىغان بەزى ئامىللارنى سادىر قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

# ئىسلامنى بۇزىدىغان بىرىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ): «ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىنچىسى ‹الله قا شېرىك كەلتۈرۈش› دېگەن ۋە الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى دەلىل قىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ﴾ ‹الله ھەقىقەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ›[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ مَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللَّهُ عَلَيْهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ﴾ ‹كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله تىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ›[2]. جىن ياكى قەبرىگە ئوخشاش نەرسىلەر ئۈچۈن مال بوغۇزلاش ئىبادەتتە الله قا شېرك كەلتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ».

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

❖ **الله قا شېرىك كەلتۈرۈش**

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) ئىسلامنى بۇزىدىغان 10 ئامىل ئىچىدە الله قا شېرىك كەلتۈرۈشنى بىرىنچى ئامىل قىلىپ تاللىغان، چۈنكى الله قا شېرىك كەلتۈرۈش بەندە الله قا ئاسىي بولىدىغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ خەتەرلىك گۇناھتۇر. الله قا شېرىك كەلتۈرۈش ــ الله نىڭ رۇبۇبىيىتى ۋە ئۇلۇھىيىتىدە باشقا بىرىنى الله قا باراۋەر قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىككىنچى، شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ أُولَٰئِكَ لَهُمُ الْأَمْنُ وَهُمْ مُهْتَدُونَ﴾ «ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان

---

[1] سۈرە نىسا 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مائىدە 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: [الله تائالانىڭ ﴿**الَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ أُولَئِكَ لَهُمُ الْأَمْنُ وَهُمْ مُهْتَدُونَ**﴾ «ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» دېگەن ئايىتى نازىل بولغان ۋاقىتتا، بۇ ئايەت ساھابىلەرگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇلار «كىممۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلمايدۇ؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بۇ زۇلۇم سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس، بەلكى بۇ ئايەتتىكى زۇلۇمدا شېرىك كۆزدە تۇتۇلغان. سىلەر لوقمان (ھەكىمنىڭ) ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: ﴿**يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ**﴾ <ئى ئوغۇلچىقىم، الله قا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟»[2] دېگەن].[3]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «سألت النبي ﷺ أي الذنب أعظم عند الله قال أن تجعل لله ندا وهو خلقك قلت إن ذلك لعظيم قلت ثم أي قال وأن تقتل ولدك تخاف أن يطعم معك قلت ثم أي قال أن تزاني حليلة جارك» «مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: <الله نىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر گۇناھ قايسى؟> دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <الله سېنى ياراتقان تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ> دېدى. مەن: <بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر گۇناھ، ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟> دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <سەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشىدىن ئەنسىرەپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ> دېدى. مەن يەنە: <ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟> دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ>

---

[1] سۈرە ئەنئام 82 ـ ئايەت.

[2] سۈرە لوقمان 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

دېدى». [1]

اللە قا شېرىك كەلتۈرۈش قانداقمۇ چەكتىن ئاشقان زۇلۇم، ئەڭ ئېغىر ۋە چوڭ گۇناھلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ گۇناھ بولمىسۇن؟! چۈنكى اللە قا شېرىك كەلتۈرۈش اللە نى مەخلۇقاتلارغا ئوخشاتقانلىق ۋە ئۇنى كەمسىتكەنلىكتۇر. كىمكى اللە قا باشقا نەرسىنى شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ اللە قا قارشى چىققان، بويسۇنمىغان، تەكەببۇرلۇق قىلغان ۋە اللە تائالا ئۆزىگە نىسبەت بەرمىگەن سۈپەتنى اللە قا چاپلىغان بولىدۇ.

اللە قا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىگە جەننەت ھارام بولىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّهُ مَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللَّهُ عَلَيْهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ**﴾ «كىمكى اللە قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى اللە تىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، اللە ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ». [2]

شېرىك كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ بارلىق ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَوْ أَشْرَكُوا لَحَبِطَ عَنْهُمْ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ**﴾ «ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى». [3]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ أُوحِيَ إِلَيْكَ وَإِلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكَ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ ۞ بَلِ اللَّهَ فَاعْبُدْ وَكُنْ مِنَ الشَّاكِرِينَ**﴾ «ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر) لەرگە: <ئەگەر سەن اللە قا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز اللە قا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە مائىدە 72ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ئەنئام 88ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولغىن> دەپ ۋەھيى قىلىندى»[1].

الله تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە شىرىك كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئەمىلى بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. بۇ ئايەتلەردە دېيىلگەن ئەمەل بارلىق ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىرىكتىن باشقا گۇناھلار بەندىنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. جىزيە تۆلەيدىغان ۋە ئەھدىلەشكەن مۇشرىكلاردىن باشقا مۇشرىكلارنىڭ قېنى ۋە مېلى ھالال بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَإِذَا انسَلَخَ الْأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ**﴾ «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار»[2].

ئىبادەت ــ ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) تونۇشتۇرغاندەك، الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۆز ۋە ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسىمدۇر. [3]

❖ **شىرىكنىڭ تۈرلىرى**

**چوڭ شىرىك**

چوڭ شىرىك ئىنسانىنى دىندىن چىقىرىۋېتىدۇ. چوڭ شىرىك كەلتۈرگەن كىشى شىرىكتىن تەۋبە قىلمىغان ھالەتتە الله قا ئۇچراشسا، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. چوڭ شىرىكنىڭ مىسالى: قەبرىدىكى ئەۋلىيالار، سالىھ كىشىلەر، جىن ـ شەيتانلاردىن قورقۇپ ياكى قىزىقىپ ئۇلار ئۈچۈن مال بوغۇزلاش، ياكى قەبرىدىكى كىشىلەر ياكى جىن ـ شەيتانلارنى پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ دەپ ئۇلاردىن قورقۇش، ياكى ئۇلارنى ئىنسانغا يەتكەن مۇسىبەتنى چېكىندۈرەلەيدۇ... دەپ ئېتىقاد قىلىش قاتارلىقلار. بۇ ئىشلارنى قىلغان كىشى الله تىن باشقىغا ئىبادەت قىلغان ھېسابلىنىپ چوڭ شىرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. الله تائالا بۇ

---

[1] سۈرە زۇمەر 65 ـ، 66 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە تەۋبە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «مجموع الفتاوى» 10 ـ توم 149 ـ بەت.

ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَالَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ﴾ «ئۇلار الله نى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ»①.

يارىتىلغۇچىنى ياراتقۇچىغا باراۋەر قىلغان كىشىلەرنىڭ دوزاختا ئۆزئارا جېدەللىشىدىغانلىقى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالُوا وَهُمْ فِيهَا يَخْتَصِمُونَ۝ تَاللَّهِ إِنْ كُنَّا لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ۝ إِذْ نُسَوِّيكُمْ بِرَبِّ الْعَالَمِينَ۝﴾ «ئۇلار دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: <الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق [96-97]. ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق> [98]» ②.

ئۇلار يارىتىش، رىزىق بېرىش، تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلاردا يارىتىلغۇچىنى الله قا باراۋەر قىلمايدۇ، بەلكى الله قا يېقىنلىشىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئىبادەتلەرنىڭ چوققىسى بولغان الله نى ئۇلۇغلاش ۋە الله قا سېغىنىشتا باراۋەر قىلىدۇ.

**چوڭ شېرىكنىڭ تۈرلىرى**

**بىرىنچى، دۇئادىكى شېرىك**

دۇئا ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى تىلەك دۇئاسى③، يەنە بىرى ئىبادەت دۇئاسىدۇر④.

دۇئادىكى شېرىك ــ بەندىنىڭ الله تىن باشقىغا دۇئا قىلىشىدۇر. كىمكى الله تىن باشقىغا خۇددى الله قا دۇئا قىلغاندەك دۇئا قىلىدىكەن، ئۇ الله قا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. الله تائالا شېرىكنىڭ مۇشۇ تۈرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا رَكِبُوا فِي الْفُلْكِ دَعَوُا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ فَلَمَّا نَجَّاهُمْ إِلَى الْبَرِّ إِذَا هُمْ يُشْرِكُونَ﴾ «ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورقىدان) چاغلىرىدا، الله قا كامالى ئىخلاس بىلەن

① سۈرە يۇنۇس 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە شۇئەرا 96 ـ ئايەتتىن 98 ـ ئايەتكىچە.

③ الله تىن باشقا ھېچبىر كىشى قادىر بولالمايدىغان نەرسىنى ئاغزاكى تىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

④ الله ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق سۆز ياكى ئىش ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى دۇئا دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى الله ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلغان ۋاقىتتا الله نىڭ رەھىم قىلىشىنى تىلەيدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىلتىجا قىلىدۇ، الله ئۇلارنى ئامان ـ ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا (بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغان الله نى ئۇنتۇپ)، ناگاھان (الله قا) شېرىك كەلتۈرىدۇ»[1].

دۇئا ــ ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت، الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل ۋە ئەڭ كاتتا تائەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾ «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن»[2].

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «إن الدعاء هو العبادة» «دۇئا ھەقىقەتەن ئىبادەت» دېگەن ۋە ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان: ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: <ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن> (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)»[3].[4]

[مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىنىڭ «القواعد الأربعة» ناملىق كىتابىنىڭ 4 ـ قائىدىسىدە: «بىزنىڭ زامانىمىزدىكى مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشى بۇرۇنقى زاماندىكى مۇشرىكلاردىن ئېغىر، چۈنكى بۇرۇنقى زاماندىكى مۇشرىكلار كەڭرىچىلىك ۋاقتىتا شېرىك كەلتۈرسىمۇ، قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا الله قا خالىس دۇئا قىلاتتى، ئەمما بىزنىڭ زامانىمىزدىكى مۇشرىكلار كەڭرىچىلىكتىمۇ ۋە قىيىنچىلىقتىمۇ ئوخشاشلا الله قا شېرىك كەلتۈرىدۇ» دېگەن. يەنە «القواعد الأربعة» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «ئەگەر سەن الله نىڭ سېنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 65 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە غافىر 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

تونۇساق، شۇنى بىلگىنكى، ناماز تاھارەتسىز دۇرۇس بولمىغاندەك، ئىبادەتمۇ تەۋھىدسىز ئىبادەت بولمايدۇ. تاھارەتكە تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار ئارىلاشسا تاھارەتنى بۇزغاندەك، ئىبادەتكە شېرىك ئارىلاشسا ئىبادەتنى بۇزىدۇ.

ئىبادەتكە شېرىك ئارىلاشسا ئىبادەتنى بۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى، شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ ئەملى بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى تونۇغان بولساڭ، ساڭا ۋاجىب بولغان ئىلىملەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىلىمنى بىلگەن بولىسەن. الله سېنى شۇ ئارقىلىق شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ قەبىھ گۇناھتىن قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن»].①

**ئىككىنچى، نىيەتتىكى چوڭ شېرىك**

نىيەتتىكى شېرىك — ئىسلامغا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يىلتىز ئىماندا② دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى نىيەت قىلىشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ۝ أُولَئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الْآخِرَةِ إِلَّا النَّارُ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا فِيهَا وَبَاطِلٌ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ [15]. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ [16]» ③.

---

① «القواعد الأربعة» 2-، 3- بەتلەر.

② ئالىملار ئىماننى، دىندىن چىقىرىۋېتىش ۋە چىقىرۋەتمەسلىك نۇقتىسىدىن ئۈچ تۈرگە ئايرىغان بولۇپ، بىرىنچىسى: يىلتىز ئىمان، بۇ ئىسلامغا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى بىجىرىش ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق ئىشنى تەرك ئېتىشتۇر. ئىككىنچىسى: ۋاجىب ئىمان، بۇ ئىسلامدىن چىقىرىۋەتمەيدىغان لېكىن كىشىنى گۇناھكار قىلىدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىشتۇر. ئۈچىنچىسى: مۇستەھەب ئىمان، بۇ مەكرۇھ ئىشلارنى تەرك ئېتىش ھەمدە سۈننەت ۋە مۇستەھەبلەرنى بىجىرىشتۇر.

③ سۈرە ھۇد 15-، 16- ئايەتلەر.

الله تائالا بۇ ئايەتتە ھاياتى دۇنيانى مەقسەت قىلىپ ئىبادەت قىلغان كىشىنىڭ ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. قۇرئان كەرىمدە ئىنساننىڭ ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەردىن شېرىك ۋە كۇفرى مەقسەت قىلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن دۇنيانىلا مەقسەت قىلسا، الله ئۇ كىشىگە مەقسەت قىلغان نەرسىسىنى بېرىدۇ ۋە دۇنيادىن ئۆزى مەقسەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئەمەلىنىڭ الله نىڭ نەزىرىدە ھېچبىر ئېتىبارى يوق بولۇپ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا دوزاختىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «نىيەت ۋە مەقسەتتىكى شېرىككە كەلسەك، ئۇ خۇددى قىرغاقسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ. قىرغىقى يوق دېڭىزدىن قۇتۇلۇپ قالالايدىغان ئادەم بەكمۇ ئاز. كىمكى ئۆزىنىڭ ئەمەلىدە الله نىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى الله تىن باشقىغا يېقىنلىشىشنى ۋە الله تىن باشقىسىدىن ئەمەلىگە مۇكاپات ئېلىشنى مەقسەت قىلسا، ئەنە شۇ مەقسىتىدە الله قا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ».[1]

نىيەتتىكى شېرىكنىڭ چوڭ شېرىك بولۇشى يىلتىز ئىمان خاراكتېرلىك ئىشلاردا دۇنيالىق مەنپەئەتلەر كۆزلەنگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. ئەمما يىلتىز ئىمانغا تەۋە بولمىغان ئەمەللەردە دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى نىيەت قىلىش كىچىك شېرىكتۇر. بۇ خىل شېرىك، كىشىنى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ بەلكى ساۋاب ۋە ئەجرىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. گاھىدا دىندىن چىقىرىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، شۇ كىشىنىڭ نىيىتىگە قارىتا ئەمەلىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئىنشائاللاھ، بۇنىڭ تەپسىلاتىنى كېيىنكى مەزمۇنلاردا بايان قىلىمىز.

**ئۈچىنچى، بويسۇنۇشتىكى شېرىك**

بويسۇنۇشتىكى شېرىك — قانۇن چىقىرىش ۋە ھۆكۈم قىلىشتا الله تىن

[1] «الجواب الكافي» 312- بەت.

باشقىنى الله تىن يۇقىرى ياكى الله قا باراۋەر ئورۇنغا قويۇشتۇر. قانۇن چىقىرىش ۋە ھۆكۈم قىلىش پەقەت الله قىلا خاس بولۇپ، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ﴾ «ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله قىلا مەنسۇپتۇر»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ وَلَوْلَا كَلِمَةُ الْفَصْلِ لَقُضِيَ بَيْنَهُمْ﴾ «ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (الله نىڭ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى قىيامەتكىچە تەخىر قىلىش توغرىسىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە (دۇنيادىلا) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى»[2].

كىمكى الله تىن باشقىنى ياكى الله قا قوشۇپ بىرەر كىشىنى (مەيلى ئۇ ئالىم، ياكى ھاكىم، ياكى سۇلتان ۋە ياكى شەيخ بولسۇن) قانۇن چىقىرىشقا ھەقلىق دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ كىشى الله قا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە الله تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغان قۇرئانغا كاپىر بولغان بولىدۇ. الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئالىم ۋە ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلغان كىشى ھەم الله قا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهًا وَاحِدًا لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ رەببى الله تىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر»[3].

تۆۋەندىكى ھەدىس بۇ ئايەتنى تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەدىي ئىبنى

---

[1] سۈرە يۇسۇف 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە شۇرا 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە 31 ـ ئايەت.

هاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أتيت النبى ﷺ وفى عنقى صليب من ذهب قال فسمعته يقول (اتخذوا أحبارهم ورهبانهم أربابا من دون اللَّه) قال قلت يا رسول اللَّه إنهم لم يكونوا يعبدونهم. قال أجل ولكن يحلون لهم ما حرم اللَّه فيستحلونه ويحرمون عليهم ما أحل اللَّه فيحرمونه فتلك عبادتهم لهم» «مەن بويىنۇمغا ئالتۇن كرېست ئاسقان هالدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا بارغانىدىم، (يەنە بىر نەقىلدە: <ئى ئەدىي! بويىنۇڭدىكى بۇتنى تاشلا!> دېگەن جۈملە قوشۇپ نەقىل قىلىنغان) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ﴿اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ﴾ «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ هىبرىلىرىنى، راهىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) مەبۇد قىلىۋالدى> [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئاندىن مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلمايدۇ> دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا چوقۇنمايدۇ، ئەمما ئۇلارغا بىر نەرسىنى هالال قىلىپ بەرسە، ئۇنى هالال قىلىشىدۇ، هارام قىلىپ بەرسە، هارام قىلىشىدۇ، مانا شۇ ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىق هېسابلىنىدۇ> دېدى». [2]

بۇ هەدىسنىڭ «سەھىھ» ياكى «زەئىپ» ئىكەنلىكى ھەققىدە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئىمام تىرمىزى ۋە ئەلبانى بۇ هەدىسنى «هەسەن» دەپ قارىغان؛ دارىقۇتنى، سۇلايمان ئىبنى ناسىر ئۇلۋان ۋە ئابدۇلئەزىز تەرىيفى قاتارلىق ئالىملار بۇ هەدىسنى «زەئىپ» دەپ قارىغان. گەرچە بۇ هەدىس «زەئىپ» بولسىمۇ، تەپسىرشۇناس ئالىملار ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقى ئايەتنى مۇشۇ هەدىس بىلەن تەپسىر قىلىش مەشھۇردۇر. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئۆزىنىڭ پوپلىرى ياكى موللىلىرى ۋە ياكى هاكىملىرى هالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى هالال دەپ ئېتىقاد قىلىپ؛ ئۇلار هارام دېگەن نەرسىنى هارام دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەر بويسۇنۇش

---

[1] سۈرە تەۋبە 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «هەسەن» دېگەن.

جەھەتتە ئۇلارنى الله قا شېرىك قىلغان بولىدۇ.

الله ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال، ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ بەرگەن كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىپ ئەگىشىپ كېتىدىغانلار تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتنىڭ بىرىدە بولىدۇ:

بىرى، ئۆزىنىڭ پوپلىرى ۋە موللىلىرىنىڭ الله نىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئەگىشىپ، پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا قارشى چىقىپ، الله ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال ۋە ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى كۇفۇرلۇقتۇر. گەرچە ئۇلار ئۆزىنىڭ پوپلىرى ياكى موللىلىرى ۋە ياكى كاتتىۋاشلىرى ئۈچۈن ناماز ئوقۇمىغان ۋە ئۇلارغا سەجدە قىلمىغان بولسىمۇ، كاتتىۋاشلىرىنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا شېرىك قىلىۋالغان بولىدۇ. كىمكى باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ دىنغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ سۆزىنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشى شەكسىز مۇشرىك بولىدۇ.

يەنە بىرى، الله ھالال قىلغان نەرسىنى ھالال، ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، ئەمما الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا شۇ موللىلارغا، پوپلارغا ياكى ئالىملارغا ئەگىشىپ كېتىدىغان كىشىلەر بولۇپ (بۇ خۇددى مۇسۇلمان كىشى گۇناھ-مەئسىيەتنى گۇناھ دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، قىلىپ سالغانغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ جازانىنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، جازانە مۇئامىلىسى قىلىپ سېلىشى ۋە ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھاراق ئىچىپ سېلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر) بۇلارنىڭ ھۆكمى گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.

بەزىدە ئىلمى پايدا بەرمىگەن، ئۆزىنىڭ نەپسى-خاھىشىغا ئەگەشكەن

ئالىمۇ بويسۇنۇشتىكى شېرىكنىڭ قىسمەن ئەھۋاللىرىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنداق ئالىم بىرەر ھاكىم ياكى ۋالىي ۋە ياكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن مال ـ دۇنيا ياكى ھوقۇق ـ مەنسەپ تەمە قىلىپ، الله ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال ۋە ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام دېيىشتە ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر ئالىم الله نىڭ كىتابى ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتىدىن ئۈگەنگىنىنى تەرك ئېتىپ، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىگە قارشىلىق قىلىدىغان ھاكىمنىڭ ھۆكمىگە ئەگىشىپ كەتسە، ئۇ مۇرتەد كاپىر بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جازاغا لايىق بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كِتَابٌ أُنْزِلَ إِلَيْكَ فَلَا يَكُنْ فِي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ بِهِ وَذِكْرَى لِلْمُؤْمِنِينَ۞ اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ قَلِيلًا مَا تَذَكَّرُونَ**﴾ <(ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، مۇئمىنلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىندى، ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن [2]. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، الله نى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز ـ نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر [3]> ①. ئەگەر ئۇ ئالىم الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ شەرىئىتىدىن بىلگىنىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇرلىنىپ، ئۇرۇش ۋە تۈرمىگە سولاشتىن ئىبارەت تۈرلۈك قىيىن ـ قىستاق ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىسا، ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن الله تىن باشقىنىڭ ھۆكمىگە ئەگىشىپ كەتكەن بولسا ھەم الله نىڭ ئازابىغا لايىق بولىدۇ. چۈنكى ئالىمنىڭ الله يولىدىكى ئەزىيەتلەرگە سەۋرى قىلىشى ۋاجىب. مانا بۇ الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ يولىغا

① سۈرە ئەئراف 2ـ ، 3ـ ئايەتلەر.

ئەگەشكەنلەرگە بېكىتىلگەن الله نىڭ قانۇنىيىتىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الم۞ أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ۞ وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ﴾ <ئەلىف، لام، مىم [1]. ئىنسانلار <ئىمان ئېيتتۇق> دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ [2]. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ [3]> ①» . ②

**تۆتىنچى، ياخشى كۆرۈشتىكى شېرىك**

ياخشى كۆرۈشتىكى شېرىك ـــ بىر كىشىنىڭ الله تىن باشقىنى الله نى ياخشى كۆرگەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ ياخشى كۆرۈشىدۇر. الله تائالا مۇشۇ تۈردىكى مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَتَّخِذُ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَنْدَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللَّهِ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَشَدُّ حُبًّا لِلَّهِ وَلَوْ يَرَى الَّذِينَ ظَلَمُوا إِذْ يَرَوْنَ الْعَذَابَ أَنَّ الْقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا وَأَنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعَذَابِ﴾ «بەزى ئادەملەر الله تىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) الله قا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) الله نى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر الله نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ الله قا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا الله قا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى)» ③.

مۇشرىكلارنىڭ بەزىسى الله تىن باشقىنى الله بىلەن ئوخشاش ياخشى كۆرسە، بەزىسى ئۆزى ئىبادەت قىلىدىغان مەبۇدلىرىنى الله تىنمۇ بەكرەك ياخشى

① سۈرە ئەنكەبۇت 1 ـ ئايەتتىن 3 ـ ئايەتكىچە.

② «مجموع الفتاوى» 35 ـ توم 372 ـ، 373 بەتلەر.

③ سۈرە بەقەرە 165 ـ ئايەت.

كۆرىدۇ. مۇشرىكلار اللە نى قويۇپ، ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلىرىنى ياخشى كۆرۈشتە پەرقلىق بولىدۇ. مۇئمىنلەر اللە تائالانى مۇشرىكلارنىڭ اللە نى ياخشى كۆرۈشى ۋە اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلىرىنى ياخشى كۆرگىنىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى كۆرۈش دېگىنىمىز — ياخشى كۆرۈلگۈچى نېمىنى ياقتۇرسا شۇنى ياخشى كۆرۈش ۋە نېمىنى يامان كۆرسە شۇنى ئۆچ كۆرۈشتۇر. مۇشرىكلار بۇت، ياكى ھەيكەل، ياكى قەبرە ۋە ياكى مازارلاردىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئىلاھلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر ئىلاھى خارلانسا ۋە كەمسىتىلسە، اللە ئۈچۈن غەزەپلەنگەندىنمۇ بەكرەك غەزەپلىنىدۇ؛ ئىلاھى ئۇلۇغلانسا، اللە ئۈچۈن خۇرسەن بولغاندىنمۇ بەكرەك خۇرسەن بولىدۇ. چۈنكى مۇشرىك اللە تىن باشقىنى اللە تىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ.

ياخشى كۆرۈش — ياخشى كۆرۈلگۈچىگە قارشىلاشماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. بىر كىشى ياخشى كۆرۈلگۈچىگە قانچىلىك قارشىلاشقان بولسا، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈلگۈچىگە بولغان دوستلۇقى (مۇھەببىتى) شۇنچە ئاجىز بولىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ**﴾ «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <ئەگەر سىلەر اللە نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللە سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر>»[1].

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ياخشى كۆرۈشنى تۆرگە ئايرىپ مۇنداق دېگەن: «ياخشى كۆرۈشنىڭ تۈرلىرى تۆت بولۇپ، بۇ تۆت تۈرلۈك ياخشى كۆرۈشنى پەرقلەندۈرۈش ۋاجىبتۇر. بۇ تۆت تۈرلۈك ياخشى كۆرۈشنى پەرقلەندۈرەلمىگەن كىشى ئېزىپ كەتكەن كىشىدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، اللە نى ياخشى كۆرۈش. لېكىن اللە نى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزىلا

[1] سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەت.

اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا ۋە اللە نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشكە كۆپايە قىلمايدۇ، چۈنكى مۇشرىكلار، يەھۇدىي ۋە ناسارالارمۇ اللە نى ياخشى كۆرىدۇ.

ئىككىنچى، اللە ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈش. مۇشۇ تۈردىكى ياخشى كۆرۈش ئىنساننى كۇفرىدىن چىقىرىپ ئىسلامغا كىرگۈزىدۇ. مۇشۇ تۈردىكى ياخشى كۆرۈشنى روياپقا چىقارغان كىشىلەر ئىنسانلار ئىچىدىكى اللە قا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەردۇر.

ئۈچىنچى، اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش. بۇ — اللە ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈشنىڭ تەلىپى بولۇپ، اللە ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈش اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ.

تۆتىنچى، اللە تىن باشقىنى اللە قا قوشۇپ ياخشى كۆرۈش. بۇ شېرىكتۇر، چۈنكى بۇنداق ياخشى كۆرۈش اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. اللە تىن باشقىنى اللە قا قوشۇپ ياخشى كۆرگەن كىشى شۇ نەرسىنى اللە قا تەڭداش قىلىۋالغان بولىدۇ. دېمەك، اللە تىن باشقىنى اللە قا قوشۇپ ياخشى كۆرۈش مۇشرىكلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىدۇر». ①

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر كىشى اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش بىلەن اللە تىن باشقىنى اللە قا قوشۇپ ياخشى كۆرۈشنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك ياخشى كۆرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرقى شۇكى، اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش — ئىمان مۇكەممەللىكىنىڭ ئىپادىسى بولسا، اللە تىن باشقىنى اللە قا قوشۇپ ياخشى كۆرۈش — شېرىكتۇر». ②

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دۇئادىكى شېرىك، نىيەت ۋە مەقسەتتىكى شېرىك، بويسۇنۇشتىكى شېرىك ۋە ياخشى كۆرۈشتىكى شېرىكتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك شېرىكنىڭ ھەممىسى كىشىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ شېرىكتۇر،

① «الجواب الكافي» 1 ـ توم 442 ـ ۋە 443 ـ بەتلەر.

② «الروح» 1 ـ توم 254 ـ بەت.

چۈنكى ئۇ ئىشلار ئىبادەت بولۇپ، الله تىن باشقىغا ئىبادەت قىلىش شېرىكتۇر.

الله تىن باشقىسى ئۈچۈن مال بوغۇزلاش ۋە قۇربانلىق قىلىشمۇ چوڭ شېرىكنىڭ قاتارىدىندۇر. مال بوغۇزلاش ۋە قۇربانلىق قىلىش الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان بۈيۈك ئەمەللەردىن بولۇپ، بۇ ئەمەللەر الله تىن باشقىسى ئۈچۈن قىلىنماستىن، پەقەت الله ئۈچۈنلا خالىس قىلىنىشى ۋاجىبتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ﴾ «پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر>»[2]. كىمكى بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنى الله تىن باشقىسى ئۈچۈن قىلسا، الله تىن باشقىغا ئىبادەت قىلغان، الله قا باشقىلارنى شېرىك قىلغان بولىدۇ ۋە مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ.

قايسى بىر كىشى الله تىن باشقا بۇت، ياكى جىن، ياكى قەبرە، ياكى كەئبە، ياكى دەرەخ، ياكى تاش ۋە ياكى بىرەر ئورۇنغا ئاتاپ مال بوغۇزلىسا، الله قا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە كاپىر بولغان بولىدۇ. بوغۇزلىغان كىشى مۇسۇلمان ياكى يەھۇدىي ۋە ياكى ناسارا بولسۇن، ئۇنىڭ بوغۇزلىغان مېلى ھالال بولمايدۇ. مالنى گەرچە مۇسۇلمان كىشى بوغۇزلىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ بوغۇزلاش بىلەن ئۇ كىشى ئىسلامدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتلەردىن سانىلىدىغان مال بوغۇزلاشنى الله تىن باشقىغا قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تىن باشقىغا سەجدە قىلغان كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ.

الله تىن باشقا ھېچبىرى قادىر بولالمايدىغان ئىشلاردا الله تىن باشقىسىدىن ياردەم سوراش ھەم چوڭ شېرىكنىڭ قاتارىدىندۇر. كىمكى الله تىن باشقىسىدىن

---

[1] سۈرە كەۋسەر 2 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام 162 ـ ئايەت.

(سالىھ كىشىلەر ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىگە ئوخشاش) ياردەم ۋە قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلاردىن ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشنى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى سورىسا، خۇددى الله تىن باشقىسى ئۈچۈن نەزىر قىلغان كىشى كاپىر بولغانغا ئوخشاشلا كاپىر بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئۆلۈكلەردىن ھاجەتلىرىنى تىلەش، ئۇلاردىن ياردەم سوراش ۋە ئۇلارغا ئىلتىجا قىلىش شېرىكنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ئۆلۈكلەرنىڭ ئەمىلى ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار الله تائالانىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزىگىمۇ قىلچىلىك پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ». [1]

كۆپىنچە ئىسلام دىيارلىرىدا ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئەۋلىيا، دەرەخ، تاش ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرگە نەزىر قىلىۋاتىدۇ. الله تىن باشقىغا نەزىر قىلغان كىشى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارىسىمۇ، خۇددى قۇرەيش كاپىرلىرى شېرىككە چۈشۈپ قالغانغا ئوخشاشلا، الله قا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى﴾ «الله نى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار <بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى الله قا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر> (دەيدۇ)» [2].

ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلاردا ئىنسانلاردىن ياردەم سوراش شېرىك ھېسابلانمايدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەمما ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدا قادىر بولالايدىغان ئىشلارغا كەلسەك، مەيلى ئىنسانلاردىن ياردەم ياكى پاناھلىق سوراش بولسۇن، بۇ ئىشلار دۇرۇس بولىدۇ». [3]

---

[1] «مدارج السالكين» 1- توم 353- بەت.

[2] سۈرە زۇمەر 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «تلخيص كتابة الاستغاثة» 2- توم 717- بەت.

**كىچىك شېرىك**

كىچىك شېرىك ــ شەرىئەتتە «شېرىك» دەپ ئاتالغان، ئەمما چوڭ شېرىك دەرىجىسىگە يەتمەيدىغان گۇناھتۇر. كىچىك شېرىك كەلتۈرگەن كىشى ئىسلامدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، لېكىن ئىمانى كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ. كىچىك شېرىك كەلتۈرگەن كىشى اللە نىڭ خاھىشى ئاستىدا بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ. اللە خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا ئازابلىماستىنلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

ئالىملار «كىچىك شېرىك، شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلمەي ئازابقا دۇچار بولىدىغان چوڭ شېرىك دائىرىسىگە كىرەمدۇ ياكى كىرمەمدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئىككى خىل قاراشنىڭ ئىچىدە «كىچىك شېرىك چوڭ شېرىك دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئۇ اللە نىڭ خاھىشى ئاستىدا بولۇپ، خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ. كىچىك شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ ئاخىرقى ئورنى جەننەت بولىدۇ» دېگەن ئالىملارنىڭ قارىشى توغرا قاراشتۇر (اللە ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

شەرئىي تېكىستلەردە كىچىك شېرىكنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان دەلىل ۋە ئالامەتلەر بار. مەھمۇد ئىبنى لەبىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان مۇنۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ كىچىك شېرىك دەپ ئۈچۈق سۆزلىگەن: «أن رسول اللّٰه ﷺ قال: إن أخوف ما أخاف عليكم الشرك الأصغر قالوا: وما الشرك الأصغر يا رسول اللّٰه قال: الرياء» «رەسۇللاھ ﷺ: <مېنىڭ سىلەردىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم كىچىك شېرىك> دېگەندە، ساھابىلەر: <كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟> دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <رىيا> دەپ جاۋاب بەردى». [1]

ساھابىلەرنىڭ كىچىك شېرىكنى دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ شېرىك ئەمەس دەپ چۈشىنىشى ھەم كىچىك شېرىكنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دەلىللىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

**ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن شېرىكلەر**

شېرىك ھەجىم جەھەتتىن چوڭ شېرىك ۋە كىچىك شېرىك دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغىنىدەك كۆرۈنۈش جەھەتتىنمۇ شېرىك زاھىر (ئاشكار شېرىك) ۋە شېرىك خەفىي (مەخپى شېرىك) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن چوڭ شېرىكلەرنى بايان قىلغان ئىدۇق، تۆۋەندە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كىچىك شېرىكلەرنى بايان قىلىمىز.

**بىرىنچى، ئاشكارا كىچىك شېرىك**

ئاشكارا چوڭ شېرىك سۆز ھەرىكەتلەردە بولغاندەك، ئاشكارا كىچىك شېرىكلەرمۇ سۆز ھەرىكەتلەردە يۈز بېرىپ قالىدۇ. مەسىلەن، الله تىن باشقىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش دېگەندەك. سەئىد ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كەئبە بىلەن قەسەم قىلغان بىر كىشىگە: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ‹من حلف بغير اللَّه فقد أشرك› ‹كىمكى الله تىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلسا، الله قا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېگەن.[①]

«الله خالىسا ھەمدە سەن خالىساڭ» دېيىشمۇ ئاشكارا شېرىكتۇر. ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رجلا أتي النبي ﷺ فكلمه في بعض الأمر فقال ما شاء اللَّه وشئت فقال اجعلتني للَّه عدلا قل ما شاء اللَّه وحده» «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، بەزىبىر ھاجەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەۋېتىپ: ‹الله خالىسا ۋە سەن خالىساڭ› دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: ‹مېنى الله قا تەڭتۇش قىلامسەن؟ الله خالىسا دېگىن› دېگەن».[②]

توغرىسى شۇكى، «يەككە-يېگانە الله خالىسا ياكى الله خالىسا ئاندىن كېيىن سەن خالىساڭ» دېيىشتۇر. بۇ خۇددى «الله بولمىغان، ئاندىن كېيىن

[①] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

[②] ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان.

پالانى بولمىغان بولسا، ئۇنداق ياكى مۇنداق بولاتتى» دېگەنگە ئوخشاشتۇر. دېمەك، مۇشۇ مىسالدىكىدەك دېيىلگەندە بەندىنىڭ خالىشى الله نىڭ خالىشىغا ئەگەشكەن بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تَشَاءُونَ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾ «پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى الله خالىمىغۇچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)» ①.

كىچىك شېرىك گاھىدا كىچىك شېرىك دائىرىسىدىكى بىر سۆزنى قىلغان كىشىنى شۇ سۆزنى قىلىشتىكى نىيەت ۋە مەقسىتىگە ئاساسەن چوڭ شېرىك دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى الله تىن باشقا بىرەر شەيئى بىلەن قەسەم قىلغاندا شۇ نەرسىنى الله نى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغ كۆرۈپ قەسەم قىلسا چوڭ شېرىك بولىدۇ، ئەگەر ئۇ دەرىجىدە ئۇلۇغلىماستىن قەسەم قىلسا كىچىك شېرىك بولىدۇ.

كۆز تېگىشتىن قورقۇپ تۇمار ئېسىش، بالا-مۇسىبەتلەردىن يىراق بولۇش ئۈچۈن يىپ ۋە ھالقىلارنى ئېسىشقا ئوخشاش ئىش-ھەرىكەتلەردىكى شېرىككە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من تعلق تميمة فقد أشرك» «كىمكى تۇمار ئاسسا الله قا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ».② ئەگەر كىشى «مۇشۇ تۇمار سەۋەبلىك الله مېنى بالا-مۇسىبەتلەردىن ساقلايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلسا، كىچىك شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ؛ ئەمما «الله بولمىسىمۇ مۇشۇ تۇمارنىڭ ئۆزى بالا-مۇسىبەتلەرنى چېكىندۈرەلەيدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلسا، چوڭ شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

**ئىككىنچى، مەخپىي شېرىك**

مەخپىي شېرىك — كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىشنى مەقسەت

① سۈرە تەكۋىر 29- ئايەت.

② ئەھمەد توپلىغان.

قىلىشقا ئوخشاش نىيەت، مەقسەت ۋە ئوي-خىيالدىكى شېرىكتۇر. مەسىلەن، رىيا قىلىش، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئاڭلىتىش، ناماز ئوقۇش ياكى قىرائەت قىلىشتەك الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىرەر ئەمەلنى قىلىپ، ئۇ ئەمەلنى باشقىلارنىڭ ماختىشىنى مەقسەت قىلىپ تېخىمۇ ياخشى قىلىش... قاتارلىقلار. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستىكى: «كىچىك شېرىك رىيادۇر» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر.

كىچىك شېرىكنىڭ مۇشۇ تۈرى ناھايىتى ئىنچىكە بىر تۈرلۈك شېرىك بولۇپ، شەيتان مۇشۇ تۈردىكى شېرىك ئارقىلىق مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبىدىن ئاسانلا ئورۇن ئېلىپ، ئۇنى ئازدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر، ھەتتا دۇنياغا بېرىلمەيدىغان ئىبادەتخۇمار كىشىلەرمۇ قەلبىدە باشقىلارنىڭ مەدھىيىلىشى ياكى ئەيىبلىشىگە باغلىنىپ قېلىپ، ئاخىرەتتە ئەمىلىدىن ھېچبىر نېسىۋىگە ئېرىشەلمەسلىك ياكى كىشىلەرنىڭ كۆزۈپ ياكى ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىبادەتنى تەرك ئېتىش ئوتتۇرىسىدا ئېزىپ كېتىپ قالىدۇ.

ماھىيەتتە، ھەق ئاشۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىدۇر. يەنى، ئەمەل-ئىبادەتتە ئىخلاسمەن بولۇش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا قىزىقىش — دىنىنىڭ ھەقىقىتى ۋە پەيغەمبەرلەر دەۋىتىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَٰلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر»[①].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

[①] سۈرە بەييىنە 5- ئايەت.

مۇنداق دېگەن: «قال اللّٰه تبارك وتعالى: أنا أغنى الشركاء عن الشرك، من عمل عملاً أشرك فيه معي غيري تركتُه وشركه» «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <مەن شېرىكتىن ئەڭ بىهاجەتمەن. كىمكى باشقا بىرىنى ماڭا شېرىك قىلىپ تۇرۇپ بىرەر ئەمەلنى قىلسا، مەن ئۇ كىشىنى ئۇنىڭ شېرىكى بىلەن بىللە تاشلاپ قويىمەن (يەنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ساۋاب بەرمەيمەن)».[1]

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئېيتىلغاندەك، كىمكى الله قا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلمىسا، بۇيرۇلغان ئىشنى قىلماستىن بەلكى بۇيرۇلغان ئىشتىن باشقىنى قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىبادىتى دۇرۇس ئەمەس ۋە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىخلاس ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇشى شەرتتۇر. بۇ توغرىسىدا فۇزەيل ئىبنى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئەمەل خالىس بولۇپ، توغرا بولمىسا (يەنى سۈننەتكە ئۇيغۇنلاشمىسا) قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ توغرا بولۇپ، خالىس بولمىسا يەنىلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. خالىس بولۇش — ئەمەلنىڭ الله ئۈچۈنلا قىلىنغان بولۇشى، توغرا بولۇش — سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇش دېگەنلىكتۇر».

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىخلاس — الله تائالا ئۇنىڭدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدىغان، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى شۇنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن، بارلىق كىتابلارنى شۇ توغرىسىدا نازىل قىلغان، ئىمان ئەھلىنىڭ ئىماملىرى بىرلىككە كەلگەن دىننى پەقەت الله ئۈچۈنلا خالىس قىلىشتۇر. مانا بۇ ئىخلاس — پەيغەمبەرلەر دەۋىتىنىڭ خۇلاسىسى ۋە قۇرئان ھۆكۈملىرىنىڭ يادروسىدۇر».[2] بەزى سەلەفلەر ئىخلاسنى چۈشەندۈرۈپ: «ئەمىلىڭدە الله تىن باشقىنىڭ شاھىدلىقى ۋە الله تىن باشقىنىڭ مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلماسلىقىڭ» دېگەن.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «مجموع الفتاوى» 10- توم 49- بەت.

**رىيا ئارىلاشقان ئەمەللەرنىڭ ھالەتلىرى**

رىيا ئارىلاشقان ئەمەللەرنىڭ ھالەتلىرى توغرىسىدا ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، تۆۋەندە بۇ بىرقانچە خىل ھالەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

- بىرىنچى خىل ھالەت

كىشى بىر ئىبادەتنى قىلغاندا الله رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن پەقەت دۇنيا مەنپەئىتىنىلا مەقسەت قىلىش. بۇنداق ئەمەل مۇناپىقلارنىڭ ئەملى بولۇپ، مۇئمىندىن سادىر بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدۇ، بەلكى بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئوچۇق سۈپىتىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ يُخَادِعُونَ اللَّهَ وَهُوَ خَادِعُهُمْ وَإِذَا قَامُوا إِلَى الصَّلَاةِ قَامُوا كُسَالَى يُرَاءُونَ النَّاسَ وَلَا يَذْكُرُونَ اللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ، ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)، الله نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ»[1].

- ئىككىنچى خىل ھالەت

بىر ئىبادەتنى الله رازىلىقى ئۈچۈن قىلماقچى بولۇپ لېكىن باشلىغاندا رىيا ئارىلىشىپ قالغان ئەمەل. سەھىھ ھەدىسلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ تۈردىكى ئەمەل بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قال اللّٰه تبارك وتعالى: أنا أغنى الشركاء عن الشرك، من عمل عملاً أشرك فيه معي غيري تركته وشركه» «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <مەن شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەتمەن. كىمكى باشقا بىرىنى ماڭا شېرىك قىلىپ تۇرۇپ بىرەر ئەمەلنى قىلسا، مەن ئۇ كىشىنى ئۇنىڭ شېرىكى بىلەن بىللە تاشلاپ قويىمەن (يەنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ساۋاب بەرمەيمەن)»[2].

---

[1] سۈرە نىسا 142 ـ ئايەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

رىيا ئارىلىشىپ قالغان ئەمەل توغرىسىدا كېيىنكى دەۋردىكى قىسمەن ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇنداق ئەمەلنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە سەلەفلەرنىڭ قارىشى بىردەكتۇر.

• ئۈچىنچى خىل ھالەت

ئەسلىدە پەقەت الله ئۈچۈنلا بولغان، لېكىن مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن كۆڭلىگە رىيا كېلىپ قالغان ئەمەل. ئەگەر ئۇ كىشى رىيانى يوقىتىشقا بارلىق تىرىشچانلىقىنى سەرپ ئەتسە، كۆڭلىگە كېلىپ قالغان رىيانىڭ ئۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ يوق. «ئەگەر ئۇ كىشى ئەمەلىنى كۆڭلىگە كېلىپ قالغان رىيا بىلەن داۋاملاشتۇرغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتەمدۇ ياكى ئۇ كىشىنىڭ ئەجرىگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ ۋە ياكى ئۇ كىشىنىڭ ئەسلى نىيىتىگە ئاساسەن مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە سەلەف ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) ۋە ئىبنى جەرىر تەبەرى: «ئەمەل بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى باشلىغاندىكى نىيىتىگە ئاساسەن ساۋاب بېرىلىدۇ» دېگەن قاراشنى كۈچلەندۇرگەن.[①]

خۇلاسە شۇكى، رىيا ئارىلىشىپ قالغان ئەمەللەرنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى بولۇپ، بىرىنچى خىل ھالەت، ئىبادەتنى باشلىغاندىلا الله نىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلماستىن دۇنيا مەنپەئىتىنى مەقسەت قىلىش بولۇپ، بۇ ئەينەن مۇناپىقنىڭ ئەمەلى بولغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ ئىككىنچى خىل ھالەت، ئەمەل الله ئۈچۈن بولغان بولسىمۇ، لېكىن باشلىغاندىلا رىيا ئارىلىشىپ قالغان ئەمەل بولۇپ، بۇنداق ئەمەلمۇ ھەم قوبۇل بولمايدۇ ۋە بىكار بولۇپ كېتىدۇ؛ پەقەت ئۈچىنچى خىل ھالەتتىكى كىشىلا ئۆزىدىن رىيانى يوقاتقان بولسا، ئۇنىڭ ئەمەلى قوبۇل بولىدۇ، ئەمما رىيانى يوقاتمىغان بولسا،

---

[①] «جامع العلوم والحكم» 1- توم 79- بەتتىن 83- بەتكىچە قىسقارتىپ ئېلىندى.

بەزى ئالىملار «بۇ كىشىنىڭ ئەمەلى پۈتۈنلەي قوبۇل بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ، يەنە بەزى ئالىملار «ئۇ كىشىگە ئىخلاس قىلغانىنىڭ ساۋابى ۋە رىيا قىلغانىنىڭ گۇناھى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

رىياغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ياخشى ئەمەلنى تەرك قىلىشمۇ رىيادۇر. فۇزەيل ئىبنى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئەمەلنى تەرك ئېتىش رىيا، كىشىلەرنى كۆرسۇن دەپ ئەمەل قىلىش شېرىكتۇر. ئىخلاس ـــ اللە سېنى شۇ ئىككىلىسىدىن ساقلىغىنىدۇر».[1]

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى بىرەر ئىبادەتنى قىلىشقا كۈچلۈك ئىرادە باغلاپ، كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ شۇ ئىبادەتنى قىلمىغان بولسا، ئىنسانلارنى دەپ ئىبادەتنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن رىيا قىلغان بولىدۇ. ئەمما شۇ ئىبادەتنى خالىي جايغا بارغاندا قىلىش نىيىتىدە قىلمىغان بولسا، بۇ مۇستەھەبتۇر. لېكىن ئۇ كىشىنىڭ قىلماقچى بولغىنى پەرز ياكى ۋاجىب ئىبادەت بولسا ۋە ياكى ئۇ كىشى باشقىلار ئەگىشىدىغان ئالىم كىشى بولسا، ئىبادەتنى ئاشكارا قىلىشى ئەۋزەلدۇر.

**❖ كىچىك شېرىك بىلەن چوڭ شېرىكنىڭ پەرقلىرى**

1. چوڭ شېرىك كىشىنى دىندىن چىقىرىۋېتىدۇ، كىچىك شېرىك دىندىن چىقىرىۋەتمىسىمۇ، لېكىن چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، چوڭ شېرىككە ۋاستە بولىدۇ.

2. چوڭ شېرىك بارچە ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، ئەمما كىچىك شېرىك رىيا ئارىلاشقان (يەنى باشقىلارغا ئاڭلىتىش ياكى كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان) ئەمەللەرنىلا بىكار قىلىۋېتىدۇ، ئىلگىرىكى ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

3. چوڭ شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ قېنى ۋە مېلى ھالال بولىدۇ، ئەمما

---

[1] «بستان العارفين للنووي» 146 ـ بەت.

كىچىك شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ قېنى ۋە مېلى ھالال بولمايدۇ. چۈنكى، كىچىك شېرىك كەلتۈرگەن كىشى ئىسلامدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

«كىچىك شېرىك باشقا گۇناھلارغا ئوخشاش كەچۈرۈم قىلىنامدۇ ياكى چوڭ شېرىككە ئوخشاش كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان گۇناھمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ئوخشىمىغان ئىككى خىل قاراشتا بولغان بولۇپ، بىرىنچى خىل قاراشتىكى ئالىملار، «چوڭ شېرىككە ئوخشاشلا گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ» دەپ قارايدۇ ۋە مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿**إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَىٰ إِثْمًا عَظِيمًا**﴾ «الله ھەقىقەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ»[①]. بۇ ئايەتتىكى شېرىك چوڭ شېرىك ۋە كىچىك شېرىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، كىچىك شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ ئازابلىنىشى مۇقەررەردۇر. ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، لېكىن كىچىك شېرىك كەلتۈرگەن كىشى چوڭ شېرىك كەلتۈرگەن كىشىگە ئوخشاش دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى قاراشتىكى ئالىملار، «كىچىك شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ياكى كەچۈرۈم قىلىنماسلىقى الله نىڭ خالىشى ئاستىدا بولۇپ، الله خالىسا گۇناھى مىقدارىدا ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرىدۇ» دەپ قارايدۇ.

مانا بۇلار كىچىك شېرىك بىلەن چوڭ شېرىك ئارىسىدىكى بەزى پەرقلەردۇر. الله تائالا ھەربىرىمىزنى بىلىپ-بىلمەي چوڭ شېرىك ۋە كىچىك شېرىككە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىسۇن (ئامىن)!

❁ ❁ ❁

[①] سۈرە نىسا 48 ـ ئايەت.

## ئىسلامنى بۇزىدىغان ئىككىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەر مەخلۇقنى الله بىلەن ئۆزى ئارىسىدا ۋاستىچى قىلىپ (الله تىن باشقا ھېچبىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان نەرسىنى) ئۇنىڭدىن تىلىسە ياكى ئۇنىڭدىن شاپائەت تەلەپ قىلسا ۋە ياكى ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەن».

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

❖ **الله بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلەرنى قىلىۋېلىش**

دەۋرىمىزدە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزلىرى بىلەن الله ئوتتۇرىسىدا مەلۇم نەرسىلەرنى ۋاستىچى قىلىش ئارقىلىق كاپىر بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىشنى، ئاسانلاشتۇرۇشنى، يەڭگىللىتىشنى الله تىن باشقا بىرەرسىدىن تىلەپ، شۇ نەرسىنى ئۆزلىرى بىلەن الله ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى قىلىۋالغان كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسى بىلەن كاپىردۇر. چۈنكى، الله تائالا ئىنسانلارنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ۋە كىتابلارنى چۈشۈرگەن. ھەتتا قۇرەيش مۇشرىكلىرى الله نىڭ رۇبۇبىيىتىنى (يەنى ياراتقۇچى رەب ئىكەنلىكىنى) ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپمۇ، چوقۇنىدىغان بۇتلىرىنى الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستىچى قىلىۋېلىشقان ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى﴾ «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى الله قا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلَاءِ شُفَعَاؤُنَا عِنْدَ اللَّهِ﴾ «ئۇلار الله نى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، <بۇلار (يەنى بۇتلار) الله نىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار> دېيىشىدۇ»[2].

---

[1] سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە يۇنۇس 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەزى مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ مەبۇدلىرىنى «كائىناتنى ئىدارە قىلىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، شەيتان ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتكەن. دېمەك، شەيتان ھەربىر قەۋمنى شۇ قەۋم ئۆز نەزىرىدە چىرايلىق دەپ قارىغان نەرسە بىلەن ئازدۇرغان. شۇ سەۋەبتىن، بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۆلۈكلەر ۋە قەبرە ئىگىلىرىنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق، يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر يۇلتۇز ۋە پلانېتلارنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق، يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر قەلبىدە چوڭ بىلگەن مەبۇدلىرىنىڭ ھەيكەل ۋە سۈرەتلىرىنى ياساش ئارقىلىق الله قا شېرىك كەلتۈرگەن بولۇپ، شەيتان ئۇلارغا يۇقىرىقى نەرسىلەرنى الله نىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن الله تىن شاپائەت تىلەيدىغان ۋاستىلىك شاپائەتچىلەر دەپ چىرايلىق كۆرسەتكەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلِ ادْعُوا الَّذِينَ زَعَمْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ لَا يَمْلِكُونَ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ وَمَا لَهُمْ فِيهِمَا مِنْ شِرْكٍ وَمَا لَهُ مِنْهُمْ مِنْ ظَهِيرٍ ۞ وَلَا تَنْفَعُ الشَّفَاعَةُ عِنْدَهُ إِلَّا لِمَنْ أَذِنَ لَهُ حَتَّى إِذَا فُزِّعَ عَنْ قُلُوبِهِمْ قَالُوا مَاذَا قَالَ رَبُّكُمْ قَالُوا الْحَقَّ وَهُوَ الْعَلِيُّ الْكَبِيرُ ۞**﴾ «ئېيتقىنكى، <سىلەر الله نى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا الله قا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە الله قا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملىشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق> [22]. الله ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا الله نىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ. شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار ئاندىن (بەزىسى بەزىسىگە): <پەرۋەردىگارىڭلار (شاپائەت توغرۇلۇق) نېمە دېدى؟> دەيدۇ. ئۇلار (جاۋابەن): <ھەقنى (دېدى) (يەنى مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى)> دەيدۇ. الله يۇكسەكتۇر، كاتتىدۇر [23]» ①.

① سۈرە سەبەئ 22 ـ ، 23 ـ ئايەتلەر.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ قُلْ أَفَرَأَيْتُمْ مَا تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ أَرَادَنِيَ اللَّهُ بِضُرٍّ هَلْ هُنَّ كَاشِفَاتُ ضُرِّهِ أَوْ أَرَادَنِي بِرَحْمَةٍ هَلْ هُنَّ مُمْسِكَاتُ رَحْمَتِهِ قُلْ حَسْبِيَ اللَّهُ عَلَيْهِ يَتَوَكَّلُ الْمُتَوَكِّلُونَ﴾ «ئەگەر ئۇلاردىن: <ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان> دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: <الله ياراتقان> دەيدۇ. ئېيتقىنكى، <ئەگەر الله ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دەپئى قىلالامدۇ، يا الله ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا، الله تىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ> ئېيتقىنكى، <ماڭا الله كۇپايىدۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسۇن> (يەنى ھەممە ئىشنى الله قا تاپشۇرسۇن)»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلِ ادْعُوا الَّذِينَ زَعَمْتُمْ مِنْ دُونِهِ فَلَا يَمْلِكُونَ كَشْفَ الضُّرِّ عَنْكُمْ وَلَا تَحْوِيلًا۝ أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحْذُورًا۝﴾ «سىلەر الله نى قويۇپ خۇدا دەپ ئويلىغانلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار. ئۇلارنىڭ قولىدىن سىلەردىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشمۇ كەلمەيدۇ [56]. ئۇلار (الله نى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەرۋەردىگارىغا) يېقىنراق بولغىنى (ھەم ئىبادەت ئارقىلىق الله قا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ)، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر [57]»[②].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْ أَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ الْمُشْرِكِينَ۝ وَلَا تَدْعُ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَنْفَعُكَ وَلَا يَضُرُّكَ فَإِنْ فَعَلْتَ فَإِنَّكَ إِذًا مِنَ الظَّالِمِينَ۝ وَإِنْ يَمْسَسْكَ اللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُ إِلَّا هُوَ وَإِنْ يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلَا رَادَّ لِفَضْلِهِ يُصِيبُ بِهِ مَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَهُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ۝﴾

---

[①] سۈرە زۇمەر 38 ـ ئايەت.

[②] سۈرە ئىسرا 56 ـ، 57 ـ ئايەتلەر.

«يەنە (ماڭا): <باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، مۇشرىكلاردىن بولمىغىن [105]. اللە نى قويۇپ، ساڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزۈڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن [106]. ئەگەر اللە ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز اللە تىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر اللە ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، اللە نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، اللە پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، اللە (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر> (دېيىلدى) [107]» ①.

اللە تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە تىلغا ئالغان كىشىلەر پەقەت يەككە ـ يېگانە اللە نىڭلا ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، اللە تىن باشقا ھېچبىرىنىڭ يارىتىش، رىزىق بېرىش، تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈشكە قادىر ئەمەسلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس بەلكى مۇشرىكلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان. ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر مانا مۇشۇ تۈردە مۇشرىكلارغا ئەگىشىپ كېتىپ، مال بوغۇزلاش ۋە نەزىر قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈكلەر ۋە قەبرىلەرنى ئۇلۇغلىماقتا ھەمدە ئۇلاردىن ھاجەتلىرىنى تىلىمەكتە. ئۇلار اللە نى قويۇپ قەبرە ۋە مازارلارنى اللە قا ۋاستە قىلىش ئارقىلىق بەئەينى قۇرەيش مۇشرىكلىرى اللە قا شېرىك كەلتۈرگەندەك شېرىك كەلتۈرمەكتە. ئۇلار ياراتقۇچىنى يارالغۇچىغا ئوخشىتىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى باتىل دەۋاسى ـــ اللە تائالا ئۇلۇغ زات بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىۋاستە سوراش لايىق بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن اللە بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر ۋاستىچى بولۇشى كېرەك دەپ قارىۋالغانلىقىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) اللە تائالا بىلەن مەخلۇقاتلار

① سۈرە يۇنۇس 105 ـ ، 106 ـ ۋە 107 ـ ئايەتلەر.

ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان ۋە ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ بىرى يەنە بىرىگە «اللە بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر ۋاستىچى بولۇشى زۆرۈر، بىز بىرەر نەرسىنى ۋاستە قىلماي تۇرۇپ اللە تائالاغا يېتەلمەيمىز» دېگەن ئىككى كىشىنىڭ مۇنازىرىسىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: [«بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ رەببى اللە قا خاستۇر! ئەگەر ئۇ كىشى شۇ سۆزى ئارقىلىق بىزگە اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزىدىغان ۋاستىچى بولۇشى زۆرۈر دەپ قارىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزى توغرىدۇر. چۈنكى، مەخلۇقاتلار اللە ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى، اللە قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە قىلىشتىن چەكلىگەن ئىشلارنى، اللە ئۆزىنىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان مۇكاپات ۋە دۈشمەنلىرىگە ۋەدە قىلغان ئازابنى، ئەقىللەر ماھىيىتىنى تونۇشتىن ئاجىز كېلىدىغان اللە نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىرىنى پەقەت اللە تائالا بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئارقىلىقلا بىلەلەيدۇ. پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەر توغرا يولدا ماڭغان كىشىلەر بولۇپ، اللە تائالا ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن قىلىدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى ئۈستۈن قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەرگە قارشى چىققانلار ــ لەنەت قىلىنغان ۋە رەببىنىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشىلەردۇر».

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَابَنِي آدَمَ إِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ رُسُلٌ مِنْكُمْ يَقُصُّونَ عَلَيْكُمْ آيَاتِي فَمَنِ اتَّقَى وَأَصْلَحَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ۞ وَالَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا وَاسْتَكْبَرُوا عَنْهَا أُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ۞﴾ «ئى ئادەم بالىلىرى! ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، تەقۋادارلىق قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر [35]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار ھەمىشە

دوزاختا قالغۇسىدۇر [36]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ مِنِّي هُدًى فَمَنِ اتَّبَعَ هُدَايَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشْقَى۞ وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى۞ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِي أَعْمَى وَقَدْ كُنْتُ بَصِيرًا۞ قَالَ كَذَلِكَ أَتَتْكَ آيَاتُنَا فَنَسِيتَهَا وَكَذَلِكَ الْيَوْمَ تُنْسَى۞﴾ «ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقىي بولمايدۇ [123]. كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز> [124]. ئۇ: <ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟> دەيدۇ [125]. الله ئېيتىدۇ: <شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن> [126]»②.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «الله تائالا قۇرئاننى ئوقۇغان ۋە قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ دۇنيادا ئېزىپ كەتمەسلىكىگە ۋە ئاخىرەتتە بەختسىز بولۇپ قالماسلىقىغا كېپىل بولغان».

الله تائالا دوزاخ ئەھلى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلَّمَا أُلْقِيَ فِيهَا فَوْجٌ سَأَلَهُمْ خَزَنَتُهَا أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَذِيرٌ۞ قَالُوا بَلَى قَدْ جَاءَنَا نَذِيرٌ فَكَذَّبْنَا وَقُلْنَا مَا نَزَّلَ اللَّهُ مِنْ شَيْءٍ إِنْ أَنْتُمْ إِلَّا فِي ضَلَالٍ كَبِيرٍ۞﴾ «دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: <سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟> دەپ سورايدۇ [8]. ئۇلار: <ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: الله (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر

① سۈرە ئەئراف 35-، 36- ئايەتلەر.

② سۈرە تاھا 123- ئايەتنىڭ بىر قىسمىدىن 126- ئايەتكىچە.

ئازغۇنلۇقتا دېدۇق› دەيدۇ [9]» ①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسِيقَ الَّذِينَ كَفَرُوا إِلَى جَهَنَّمَ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاءُوهَا فُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِنْكُمْ يَتْلُونَ عَلَيْكُمْ آيَاتِ رَبِّكُمْ وَيُنْذِرُونَكُمْ لِقَاءَ يَوْمِكُمْ هَذَا قَالُوا بَلَى وَلَكِنْ حَقَّتْ كَلِمَةُ الْعَذَابِ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾ «كاپىرلار جەھەننەمگە توپ-توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ‹ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، بۇگۈنكى ئۇچرىشىشىڭلارنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟› دەيدۇ. ئۇلار: ‹شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى› دەيدۇ»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا نُرْسِلُ الْمُرْسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ فَمَنْ آمَنَ وَأَصْلَحَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ۝ وَالَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا يَمَسُّهُمُ الْعَذَابُ بِمَا كَانُوا يَفْسُقُونَ ۝﴾ «بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز، ئىمان ئېيتقان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزىگەن كىشىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر [48]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار، (الله قا) ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن، ئازابقا دۇچار بولىدۇ [49]»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرُسُلًا قَدْ قَصَصْنَاهُمْ عَلَيْكَ مِنْ قَبْلُ وَرُسُلًا لَمْ نَقْصُصْهُمْ عَلَيْكَ وَكَلَّمَ اللَّهُ مُوسَى تَكْلِيمًا ۝ رُسُلًا مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللَّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ۝﴾ «بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان

① سۈرە مۈلك 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 9- ئايەت.

② سۈرە زۇمەر 71- ئايەت.

③ سۈرە ئەنئام 48-، 49- ئايەتلەر.

قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، الله مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى [164]. ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]»①.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر قۇرئان كەرىمدە ناھايىتى كۆپ ئورۇندا ئۇچرايدۇ. الله تائالا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا الله نىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزىدىغان ئەلچىلەردىن ئىبارەت ۋاستىچىلەرنىڭ بولۇشى — مۇسۇلمان، يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت بارلىق دىن ئەھلى بىرلىككە كەلگەن قاراشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ يَصْطَفِي مِنَ الْمَلَائِكَةِ رُسُلًا وَمِنَ النَّاسِ إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ﴾ «الله پەرىشتىلەردىنمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى يەتكۈزۈش ئۈچۈن)، ئىنسانلاردىنمۇ (شەرىئەتنى بەندىلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن) ئەلچىلەرنى تاللايدۇ، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»②.

مانا مۇشۇنداق الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋاستىچىلەرنى (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغان كىشى بارچە دىن ئەھلىنىڭ ئىجماسى بىلەن كاپىردۇر. الله تائالا مەككىدە نازىل قىلغان «الأنعام»، «الأعراف»، «آلر»، «حم»، «طس» قاتارلىق سۈرىلەر الله قا، الله نىڭ ئەلچىلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشقا ئوخشاش دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرىلەردۇر.

الله تائالا پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغان كاپىرلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرگە قانداق

① سۈرە نىسا 164 ـ ، 165 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە ھەج 75 ـ ئايەت.

ياردەم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ سَبَقَتْ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا الْمُرْسَلِينَ۞ إِنَّهُمْ لَهُمُ الْمَنْصُورُونَ۞ وَإِنَّ جُنْدَنَا لَهُمُ الْغَالِبُونَ۞﴾ «بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان [171]. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر [172]. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر [173]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا لَنَنْصُرُ رُسُلَنَا وَالَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ﴾ «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز»②.

مانا بۇ تۇردىكى ۋاستىچىلەرگە (پەيغەمبەرلەرگە) ئىتائەت قىلىنىدۇ ۋە ئەگىشىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللَّهِ﴾ «بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق الله قا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)» ③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ وَمَنْ تَوَلَّى فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا﴾ «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ الله قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر الله نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ﴾ «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا

---

① سۈرە سافقات 171 ـ ئايەتتىن 173 ـ ئايەتكىچە.

② سۈرە غافىر 51 ـ ئايەت.

③ سۈرە نىسا 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ سۈرە نىسا 80 ـ ئايەت.

ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ›»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَالَّذِينَ آمَنُوا بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُوا النُّورَ الَّذِي أُنْزِلَ مَعَهُ أُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ**﴾ «ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[2].

يۇقىرىقى مۇنازىرىدىكى كىشى «بىز بىلەن الله تائالا ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولۇشى زۆرۈر» دېگەن سۆزىدە بەندىلەرگە رىزىق بېرىش، ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئوخشاش ئىشلاردا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ۋە يامانلىقنى چېكىندۈرىدىغان ھەمدە كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سورايدىغان، ئۇنىڭدىن ئۈمىد قىلىدىغان ۋاستىچىلەر بولۇشى زۆرۈر دەپ قارىغان بولسا، مانا بۇ ــ چوڭ شېرىكنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، الله تائالا «الله نى قويۇپ ئۆزلىرىگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە يامانلىقنى چېكىندۈرىدۇ» دەپ قاراپ، ۋاستىچىلەرنى شاپائەتچى قىلىۋالغان مۇشرىكلارنى كاپىر دەپ ئاتىغان.

شاپائەت قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، پەقەت الله ئىزنى بەرگەن كىشىلەرلا شاپائەت قىلالايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ مَا لَكُمْ مِنْ دُونِهِ مِنْ وَلِيٍّ وَلَا شَفِيعٍ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ**﴾ «الله ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. سىلەرگە الله تىن باشقا ھېچقانداق ئىگە يوق، شاپائەت قىلغۇچىمۇ يوق (بۇنى) پىكىر قىلىپ (ئىمان ئېيتمامسىلەر؟)»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَنْذِرْ بِهِ الَّذِينَ يَخَافُونَ أَنْ يُحْشَرُوا إِلَى رَبِّهِمْ لَيْسَ لَهُمْ مِنْ دُونِهِ وَلِيٌّ وَلَا شَفِيعٌ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ**﴾ «پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەئراف 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە سەجدە 4 ـ ئايەت.

قورقىدىغانلارنىڭ (كۇفرىدىن، گۇناھتىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇلارغا اللە تىن غەيرىي دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى يوقتۇر»①.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلِ ادْعُوا الَّذِينَ زَعَمْتُمْ مِنْ دُونِهِ فَلَا يَمْلِكُونَ كَشْفَ الضُّرِّ عَنْكُمْ وَلَا تَحْوِيلًا ۞ أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحْذُورًا ۞﴾ «سىلەر اللە نى قويۇپ (خۇدا) دەپ ئويلىغانلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار. ئۇلارنىڭ قولىدىن سىلەردىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشمۇ كەلمەيدۇ [56]. ئۇلار (اللە نى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەرۋەردىگارىغا) يېقىنراق بولغىنى (ھەم ئىبادەت ئارقىلىق اللە قا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ)، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر [57]»②.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلِ ادْعُوا الَّذِينَ زَعَمْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ لَا يَمْلِكُونَ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ وَمَا لَهُمْ فِيهِمَا مِنْ شِرْكٍ وَمَا لَهُ مِنْهُمْ مِنْ ظَهِيرٍ ۞ وَلَا تَنْفَعُ الشَّفَاعَةُ عِنْدَهُ إِلَّا لِمَنْ أَذِنَ لَهُ﴾ «ئېيتقىنكى، <سىلەر اللە نى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا اللە قا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللە قا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملەشكىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق> [22]. اللە ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا اللە نىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ»③.

سەلەفلەردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر مۇنداق دېگەن: «بەزى قەۋملەر مەسىھ

① سۈرە ئەنئام 51 ـ ئايەت.

② سۈرە ئىسرا 56 ـ ، 57 ـ ئايەتلەر.

③ سۈرە سەبەئ 22 ـ ئايەت ۋە 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(يەنى ئىيسا) ئەلەيھىسسالام، ئۇزەير ۋە پەرىشتىلەرگە دۇئا قىلاتتى. الله تائالا پەرىشتىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلاردىن زىيانىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ۋە ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ (پەرىشتە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ) الله قا يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلىدىغان، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان ۋە الله نىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا كَانَ لِبَشَرٍ أَنْ يُؤْتِيَهُ اللَّهُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ لِلنَّاسِ كُونُوا عِبَادًا لِي مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلَكِنْ كُونُوا رَبَّانِيِّينَ بِمَا كُنْتُمْ تُعَلِّمُونَ الْكِتَابَ وَبِمَا كُنْتُمْ تَدْرُسُونَ۞ وَلَا يَأْمُرَكُمْ أَنْ تَتَّخِذُوا الْمَلَائِكَةَ وَالنَّبِيِّينَ أَرْبَابًا أَيَأْمُرُكُمْ بِالْكُفْرِ بَعْدَ إِذْ أَنْتُمْ مُسْلِمُونَ۞﴾ «الله بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە: <الله نى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار> دېيىشى لايىق بولمايدۇ (يەنى پەيغەمبەردىن مۇنداق گەپنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ) ۋە لېكىن (ئۇ): <كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار> (دەيدۇ) [79]. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟ [80]»①.

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەرىشتىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىشنىڭ كۇفۇرلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. كىمكى پەيغەمبەرلەرنى ۋە پەرىشتىلەرنى الله بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى قىلىۋېلىپ، ئۇلاردىن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىش، قەلبلەرنى ھىدايەت قىلىش، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە كەمبەغەللىكنى كەتكۈزۈشكە ئوخشاش ھاجەتلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلسا، ئۇلارغا تەۋەككۇل قىلسا ۋە ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە پايدا يەتكۈزۈشنى ياكى ئۆزلىرىدىن يامانلىقنى كەتكۈزۈۋېتىشنى تىلىسە، بۇنداق كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسى بىلەن شەكسىز كاپىر بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە

① سۈرە ئال ئىمران 79-، 80- ئايەتلەر.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ بَلْ عِبَادٌ مُكْرَمُونَ﴾ لَا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُمْ بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ﴾ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُمْ مِنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾ وَمَنْ يَقُلْ مِنْهُمْ إِنِّي إِلَهٌ مِنْ دُونِهِ فَذَلِكَ نَجْزِيهِ جَهَنَّمَ كَذَلِكَ نَجْزِي الظَّالِمِينَ﴾ «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): <الله نىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار> دېيىشتى، ئۇنداق ئەمەس. الله (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر الله نىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر [26]. ئۇلار الله قا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ [27]. الله ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، الله نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ [28]. ئۇلاردىن كىمكى، مەن الله تىن باشقا ئىلاھمەن، دەيدىكەن، ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز [29]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ يَسْتَنْكِفَ الْمَسِيحُ أَنْ يَكُونَ عَبْدًا لِلَّهِ وَلَا الْمَلَائِكَةُ الْمُقَرَّبُونَ وَمَنْ يَسْتَنْكِفْ عَنْ عِبَادَتِهِ وَيَسْتَكْبِرْ فَسَيَحْشُرُهُمْ إِلَيْهِ جَمِيعًا﴾ «مەسىھمۇ، (الله قا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ الله قا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىملەركى الله قا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَدًا﴾ لَقَدْ جِئْتُمْ شَيْئًا إِدًّا﴾ تَكَادُ السَّمَاوَاتُ يَتَفَطَّرْنَ مِنْهُ وَتَنْشَقُّ الْأَرْضُ وَتَخِرُّ الْجِبَالُ هَدًّا﴾ أَنْ دَعَوْا لِلرَّحْمَنِ وَلَدًا﴾ وَمَا يَنْبَغِي لِلرَّحْمَنِ أَنْ يَتَّخِذَ وَلَدًا﴾ إِنْ كُلُّ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ إِلَّا آتِي الرَّحْمَنِ عَبْدًا﴾ لَقَدْ أَحْصَاهُمْ وَعَدَّهُمْ عَدًّا﴾ وَكُلُّهُمْ آتِيهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَرْدًا﴾ «ئۇلار: <الله نىڭ بالىسى بار> دېيىشتى [88]. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار [89]. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ

① سۈرە ئەنبىيا 26 ـ ئايەتتىن 29 ـ ئايەتكىچە.

② سۈرە نىسا 172 ـ ئايەت.

كەتكىلى تاس قالدى [90]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى [91]. بالىسى بولۇش الله قا لايىق ئەمەستۇر [92]. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا الله قا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر [93]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى [94]. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ [95]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَيَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلَاءِ شُفَعَاؤُنَا عِنْدَ اللَّهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللَّهَ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ**﴾ «ئۇلار الله نى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، <بۇلار (يەنى بۇتلار) الله نىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار> دېيىشىدۇ، ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (يەنى الله نىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى الله بىلمەي قېلىپ، سىلەر الله قا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَكَمْ مِنْ مَلَكٍ فِي السَّمَاوَاتِ لَا تُغْنِي شَفَاعَتُهُمْ شَيْئًا إِلَّا مِنْ بَعْدِ أَنْ يَأْذَنَ اللَّهُ لِمَنْ يَشَاءُ وَيَرْضَى**﴾ «ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقىتىدۇ»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ**﴾ «الله نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن»④.

---

① سۈرە مەريەم 88 ـ ئايەتتىن 95 ـ ئايەتكىچە.

② سۈرە يۇنۇس 18 ـ ئايەت.

③ سۈرە نەجم 26 ـ ئايەت.

④ سۈرە بەقەرە 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر قۇرئاندا ناھايىتى كۆپ ئورۇنلاردا ئۇچرايدۇ. قايسى بىر كىشى پەيغەمبەرلەردىن باشقا دىنىي ئالىملارنى ئۇممەتكە ھەقنى يەتكۈزىدىغان، ھەقنى ئۆگىتىدىغان، ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن تەلىم بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان ۋاستىچىلەر دەپ ئېتىقاد قىلسا، چوقۇمكى، ئۇ كىشى توغرا يولنى تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (دىنىي ئالىملار) بىرەر مەسىلىدە بىرلىككە كەلسە، ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى كەسكىن ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەرگىزمۇ ئازغۇنلۇق ئۈستىگە بىرلەشمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىن ھېچبىرى گۇناھتىن پاك ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺ تىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ سۆزى ئېلىنىدۇ ۋە رەت قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ ئالىملار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «وإن العلماء ورثة الأنبياء، وإن الأنبياء لم يورثوا دينارا ولا درهما وإنما ورثوا العلم، فمن أخذه أخذ بحظ وافر» «ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش مىراس قالدۇرمىغان، بەلكى ئىلىمنى مىراس قالدۇرغان. كىمكى ئىلىم ئالسا تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ». [1]

كىمكى «پەيغەمبەرلەر ۋە ئالىملار پادىشاھ بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىچىگە ئوخشايدۇ. پۇقرالار ھاجەتلىرىنى پادىشاھتىن بىۋاستە سورىيالماي، پادىشاھنىڭ يېنىدىكى ئالاقىچىلەر پادىشاھقا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇ ئالاقىچىلەر ئارقىلىق ھاجەتلىرىنى سوراشنى بەكرەك مەنپەئەتلىك دەپ قارىغىنىدەك، دىنىي ئالىملار مەخلۇقاتلارنىڭ ھاجەتلىرىنى الله قا يەتكۈزىدۇ، الله تائالا ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بەندىلىرىنى توغرا يولغا باشلايدۇ ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىدۇ. دېمەك، كىشىلەر شۇ پەيغەمبەر ۋە ئالىملاردىن تىلەيدۇ، ئاندىن

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇلارغا پەيغەمبەر ۋە ئالىملار الله تائالادىن تىلەپ بېرىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشى كاپىر، مۇشرىك بولغان بولىدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ تەۋبە قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلغانلار ياراتقۇچىنى يارالغۇچىغا ئوخشاتقان ۋە الله نىڭ شېرىكلىرى بار دەپ ئويلاپ قالغان كىشىلەردۇر].①

الله بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلەرنى پەيدا قىلىۋالغان مۇشرىكلار ئەنە شۇ ۋاستىچىلەرنى شاپائەتچى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ئۇ ۋاستىچىلەر ھېچقانداق شاپائەت قىلالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْذِرْ بِهِ الَّذِينَ يَخَافُونَ أَنْ يُحْشَرُوا إِلَى رَبِّهِمْ لَيْسَ لَهُمْ مِنْ دُونِهِ وَلِيٌّ وَلَا شَفِيعٌ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ﴾ «پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن قورقىدىغانلارنىڭ (كۇفرىدىن، گۇناھتىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇلارغا الله تىن غەيرىي دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى يوقتۇر»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِمَّا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ يَوْمٌ لَا بَيْعٌ فِيهِ وَلَا خُلَّةٌ وَلَا شَفَاعَةٌ وَالْكَافِرُونَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (الله نىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كۇفرانى نېئمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر»③.

الله تائالا بۇلارنىڭ ئۆز ۋاستىلىرىدىن ئۈمىد قىلغان شاپائەتنى كەلگۈسىدە يوققا چىقىرىدىغانلىقىنى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت ـ نادامەت

---

① ئىبنى تەيمىيەنىڭ «الواسطة بين الحق و الخلق» ناملىق رىسالىسى 12 ـ بەتتىن 18 ـ بەتكىچە، «مجموع الفتاوى» 1 ـ توم 121 ـ بەتتىن 126 ـ بەتكىچە.

② سۈرە ئەنئام 51 ـ ئايەت.

③ سۈرە بەقەرە 254 ـ ئايەت.

بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَا لَنَا مِنْ شَافِعِينَ۞ وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٍ۞﴾ «شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق [100]. ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق [101]»①.

الله نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىدە بايان قىلىنغان شاپائەت مۇنداق ئىككى تۈرلۈكتۇر: بىرىنچى، يوققا چىقىرىلغان (باتىل) شاپائەت. يەنى، الله تىن باشقا كىشى قادىر بولالمايدىغان ئىشلاردا الله تىن باشقىسىدىن شاپائەت تەلەپ قىلىش. الله تائالا بۇ تۈردىكى شاپائەتنى يۇقىرىقى ئايەتلەردە يوققا چىقارغان ۋە ئىنكار قىلغان. ئىككىنچى، يولغا قويۇلغان شاپائەت. يەنى، الله ئىزنى بەرگەن شاپائەت بولۇپ، بۇنداق شاپائەت پەقەت الله تىنلا تەلەپ قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ تۈردىكى شاپائەت پەقەت ئىمان ئەھلى ۋە تەۋھىد ئەھلىگىلا خاستۇر.

الله تائالا بۇ تۈردىكى شاپائەتنى (يەنى يولغا قويۇلغان شاپائەتنى) ئىككى شەرت بىلەن يولغا قويغان. بىرىنچى شەرت، الله تائالانىڭ شاپائەت قىلغۇچىغا رۇخسەت قىلىشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِنْ عِلْمِهِ إِلَّا بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَا يَئُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾ «الله نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار الله نىڭ مەلۇماتىدىن (الله ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، الله نىڭ كۇرسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقۇرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر»②.

---

① سۈرە شۇئەرا 100 ـ، 101 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە بەقەرە 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىككىنچى شەرت، الله تائالانىڭ شاپائەت قىلىنغۇچىدىن رازى بولۇشىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُمْ مِنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾ «الله ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، الله نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ»[1].

الله تائالا مۇشۇ ئىككى شەرتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَمْ مِنْ مَلَكٍ فِي السَّمَاوَاتِ لَا تُغْنِي شَفَاعَتُهُمْ شَيْئًا إِلَّا مِنْ بَعْدِ أَنْ يَأْذَنَ اللَّهُ لِمَنْ يَشَاءُ وَيَرْضَى﴾ «ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ»[2].

مۇشرىكلارنىڭ ئەمەللىرى چاڭ-توزاندەك توزۇپ كېتىدۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق شاپائەتچى بولمايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. كىمكى بىر نەرسىگە ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ئالدىراپ كەتسە، شۇ نەرسىدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن جازالىنىدۇ.

**❖ مۇشرىكلارنىڭ توغرا دەپ دەۋا قىلغان دەلىللىرى**

بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى بولغىنىمىز، مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى توغرا دەپ قارىغان دەلىللىرى بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ دەلىللىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بىر-بىرلەپ رەددىيە بېرىپ ئۆتىمىز.

**بىرىنچى دەلىلى**

ئۇلار ۋاستە قىلىش — ۋەسىلە قىلغانلىقنى ئوخشاش دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ دەۋاسىغا الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَابْتَغُوا إِلَيْهِ الْوَسِيلَةَ وَجَاهِدُوا فِي سَبِيلِهِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر!

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 28- ئايەت.

[2] سۈرە نەجىم 26- ئايەت.

مەقسەتكە ئېرىشىشكىلار ئۈچۈن الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، الله قا (تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن) يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار، الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار»[1]. ئۇلار بۇ ئايەتتىكى «الْوَسِيلَةَ» دېگەن سۆزنى الله بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا مەخلۇقاتلاردىن بىرەرسىنى ۋاستىچى قىلىش دەپ تەپسىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئايەتنى مۇشۇ مەنە بىلەن تەپسىرلىشى خاتا بولۇپ، ھېچبىر تەپسىرشۇناس ئالىم بۇ ئايەتنى بۇنداق تەپسىرلىمىگەن. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئەتا، ئەبۇ ۋائىل، ھەسەن، قەتادە، ئىبنى كەسىر، سۇددى ئىبنى زەيد ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تەپسىرشۇناس ئالىملار بۇ ئايەتتىكى «الْوَسِيلَةَ» دېگەن سۆزنى «الله قا ئىتائەت قىلىش ۋە الله رازى بولىدىغان سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق الله قا يېقىنلىشىش» دەپ تەپسىرلىگەن. دېمەك، «الْوَسِيلَةَ» ھېچ شېرىكى بولمىغان يەككە ـ يېگانە زاتقا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە توسقان ئىشلاردىن يېنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

**ئىككىنچى دەلىلى**

ئۇلار «بىز بىلەن الله تائالا ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلەرنى قىلىشىمىز الله نى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر، الله تائالا ئۇلۇغ زات بولغاچقا، خۇددى دۇنيا پادىشاھلىرىغا ۋاستىچىلەر ۋە شاپائەتچىلەر بىلەن يەتكىلى بولغىنىدەك، الله قىمۇ ۋاستىچىلەر بىلەن يېتەلەيمىز، ۋاستىچىلەر الله نىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسىدىن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك مەزمۇنلار كېلىپ چىقىدۇ:

بىرىنچى، ئۇلار الله تائالانى دۇنيا پادىشاھلىرىغا قىياس قىلىشقان بولۇپ،

---

[1] سۈرە مائىدە 35 ـ ئايەت.

بۇ ــ باتىل (خاتا) قىياستۇر. چۈنكى، الله تائالانى دۇنيا پادىشاھلىرىغا ئوخشىتىپ ئۇلۇغلاش الله نى تۆۋەن كۆرگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى، الله تائالانى ئىنسانغا قىياس قىلىش توغرا ئەمەس، چۈنكى الله تائالا ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ھەرقانداق ھالەتتە مۇكەممەل بىلىپ تۇرىدۇ. الله تائالا ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى مۇكەممەل رەۋىشتە بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن بەندىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى يەتكۈزىدىغان ۋاستىچىلەرگە موھتاج بولمايدۇ. ئەمما، پادىشاھلار بولسا پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەن مەلۇمات مىقدارىدىلا بىلەلەيدۇ.

ئۈچىنچى، دۇنيا پادىشاھلىرى شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ياردەمچى ۋەزىرلەرگە موھتاج. ئەمما، الله تائالا ئۆزىنىڭ بەندىلىرىدىن بىھاجەت بولۇپ، دۇنيا پادىشاھلىرىغا ئوخشاش ۋەزىرلەرگە ۋە شاپائەتچىلەرگە موھتاج بولمايدۇ.

تۆتىنچى، دۇنيا پادىشاھلىرى كۆپىنچە ۋاقىتتا ئىشلارنى ياخشى تەرەپكە بۇرىمايدۇ، پۇقرالىرى تەلەپ قىلغان نەرسىنى كېيىنگە سۈرۈپ كېچىكتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، الله تائالا ئىنتايىن سېخىي زات بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سورالسا، سورىغان نەرسىنى بېرىدۇ؛ ئۇنىڭغا دۇئا قىلسا، دۇئانى ئىجابەت قىلىدۇ. دۇنيا پادىشاھلىرىنىڭ ئەكسىچە ۋاستىچىگە موھتاج بولمايدۇ.

بەشىنچى، بەزىدە دۇنيا پادىشاھلىرىنىڭ ئىلىكىدە ھېچنەرسە قالماي گاداي بولۇپ كېتىدۇ، بەزىدە ھەتتا قەرزگە بوغۇلۇپ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىش دەرىجىسىگە بېرىپمۇ قالىدۇ. ئەمما، الله تائالا ئاسمان-زېمىنىنىڭ پۈتكۈل خەزىنىلىرىنى تەسەررۇپ قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ تەڭداشسىز سېخىي، ھەممىدىن بىھاجەت، پۈتكۈل مەخلۇقاتلار ئۇنىڭغا موھتاج زاتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مَا عِنْدَكُمْ يَنْفَدُ وَمَا عِنْدَ اللَّهِ بَاقٍ وَلَنَجْزِيَنَّ الَّذِينَ صَبَرُوا أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ**﴾ «(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلىكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ،

الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز»[①].

**ئۈچىنچى دەلىلى**

ئۇلار «بىز گۇناھكار كىشىلەرمىز، ۋاستىچىلەر بولسا سالىھ كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدە مۇئەييەن مەرتىۋىگە ئىگە. شۇڭا بىز ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ الله تائالادىن ھاجەتلىرىمىزنى، بىزنى الله قا يېقىنلاشتۇرۇشنى ۋە بىز ئۈچۈن الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلىشنى تىلەيمىز» دەيدۇ. ئەمما، بىز ئېيتىمىزكى، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقى ساڭا پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئەملى ئۆزلىرى ئۈچۈن، سېنىڭ ئەمىلىڭمۇ ئۆزۈڭ ئۈچۈندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِنَفْسٍ شَيْئًا وَالْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِلَّهِ﴾ «ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم الله قا خاستۇر»[②].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ۞ وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ۞ وَصَاحِبَتِهِ وَبَنِيهِ۞ لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ۞﴾ «ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ [34-36]. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ [37]»[③].

**تۆتىنچى دەلىلى**

ئۇلار «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ، يامغۇر تىلەپ الله قا دۇئا قىلغانلىقى ۋەسىلە قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى

---

[①] سۈرە نەھل 96- ئايەت.

[②] سۈرە ئىنفىتار 19- ئايەت.

[③] سۈرە ئەبەسە 34- ئايەتتىن 37- ئايەتكىچە.

بىلدۈردۇ» دەپ قارايدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاببياس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپتىن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ: «ئى اللە! بىز (ئىلگىرى) پەيغەمبىرىمىزنى ۋەسىلە قىلىپ ساڭا دۇئا قىلساق بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەنىدىڭ. (ئەمدى) بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئاببياس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنى ۋەسىلە قىلىپ، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشىڭنى سورايمىز» دېگەندىن كېيىن يامغۇر يېغىپ، قەۋم سۇغۇرۇلغان ئىدى.

ئۇلار «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاببياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋەسىلە قىلغان. شۇڭا، بىزنىڭمۇ اللە بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلەرنى قىلىشىمىز دۇرۇس» دەپ قارىغان. ئۇلارغا ئېيتىدىغىنىمىز شۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاببياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاتىنى ياكى يۈز-ئابرۇيىنى ئەمەس، بەلكى ئاببياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلغان. ھايات بولغان سالىھ كىشىلەردىن دۇئا تەلەپ قىلىش شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان بىر ئىش، ئەمما ئۆلۈكلەردىن بىرنەرسە تەلەپ قىلىش بولسا چەكلەنگەن. شۇڭلاشقا، فىقھشۇناس ئالىملار كىتابلىرىنىڭ سۇ (يامغۇر) تەلەپ قىلىش توغرىسىدىكى بابلىرىدا «سالىھ كىشىلەرنىڭ دۇئالىرى بىلەن ۋەسىلە قىلىش مۇستەھەب» دەپ بايان قىلغان.[1]

ئەگەر كىشىلەرنىڭ زاتىنى، مەرتىۋىسىنى ياكى پەزىلىتىنى ۋەسىلە قىلىش توغرا بولىدىغان بولسا ئىدى، ساھابىلەر پەيغەمبەرﷺ نى ۋەسىلە قىلغان بولاتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ اللە نىڭ ھۇزۇرىدا ئەڭ مەرتىۋىلىك زات ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يۈز-ئابرۇيىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ اللە تىن بىرنەرسە سورىمىغانىدى. ساھابىلەر مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغان پەيغەمبەر ﷺ نى ۋەسىلە قىلماي، پەيغەمبەر ﷺ دىن تۆۋەن بولغان

[1] «المغني» 3- توم- 346- بەت.

ئابباسنى ۋەسىلە قىلدى. ئۇنداقتا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل كىشىنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن كىشىدىن ۋەسىلە ئىزدەيدۇ؟ جاۋابى شۇكى، ئەۋزەل كىشى ۋاپات تاپقان، ئۆلۈكتىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئەمما ھايات كىشىدىن مال ۋە دۇئا دېگەندەك ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلاردا ياردەم تەلەپ قىلىنىدۇ.

❖ **ۋەسىلە قىلىشنىڭ تۈرلىرى**

ۋەسىلە قىلىش ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، دۇرۇس بولغان ۋەسىلە قىلىش؛ ئىككىنچى، چەكلەنگەن ۋەسىلە قىلىش.

**دۇرۇس بولغان ۋەسىلە قىلىش**

بۇ تۈردىكى ۋەسىلە قىلىش تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ:

• بىرىنچى، الله تائالاغا الله نىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ فَادْعُوهُ بِهَا﴾ «الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، الله نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار»[①]. الله تائالا مانا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن الله تائالادىن بىرنەرسە سوراشقا بۇيرۇغان. مەسىلەن، ئى رەھىمدىل زات! ماڭا رەھىم قىلغىن؛ ئى گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلغۇچى زات! گۇناھىمنى كەچۈرگىن؛ ئى رىزىق بەرگۈچى زات! ماڭا رىزىق بەرگىن... دېگەنگە ئوخشاش.

• ئىككىنچى، «لا إله إلا أنت» دەپ، الله تائالانىڭ شېرىكى يوقلۇقى ۋە ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ۋەسىلە قىلىش.

• ئۈچىنچى، ھايات بولغان سالىھ كىشىلەرنى ۋەسىلە قىلىش. مەسىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلغىنى ۋە مۇئاۋىيەنىڭ يەزىد جەرشىنىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلغىنىغا

[①] سۈرە ئەئراف 180- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئوخشاش.

**چەكلەنگەن ۋەسلە قىلىش**

ئۇ بىر شەخسنىڭ يۈز-ئابرۇيى، مەرتىۋىسى، پەزىلىتى ۋە زاتى قاتارلىقلارنى ﷲ تائالاغا ۋەسىلە قىلىشتۇر.

❖ **ئىسلامنى بۇزىدىغان بىرىنچى ئامىل بىلەن ئىككىنچى ئامىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق**

بىرىنچى ئامىل ئومۇمىي ھالەتتە ئېيتىلغان، ئىككىنچى ئامىل بىرىنچى ئامىلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئىككىنچى ئامىل خاس ھالەتتە ئېيتىلغان.

ئەمما، كۆپلىگەن كىشىلەر قەبرە ۋە مازارلارغا چوقۇنۇش، ئەۋلىيا ياكى سالىھ كىشىلەردىن ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىنى سوراش ۋە ئۇلارنى ۋاستە قىلىۋېلىشقا ئوخشاش خاتالىقلارنى سادىر قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) ئىككىنچى ئامىلنىمۇ ئىسلامنى بۇزىدىغان بىر تۈرلۈك چوڭ ئامىل سۈپىتىدە بايان قىلغان. گەرچە تاش ۋە دەرەخلەرگە ئىبادەت قىلىشتەك خاتالىقلار كۆپ ھاللاردا مۇسۇلمانلاردا كۆرۈلمىسىمۇ، لېكىن قەبرە ۋە مازارلارغا ئىبادەت قىلىش مەسىلىسىدە، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنى توغرا دەپ قارايدۇ ۋە بۇ قىلمىشلارنى دىندا ئورۇنلۇق ئىشلار دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىككىنچى ئامىل بىرىنچى ئامىلنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) ئىككىنچى ئامىلنى ئاساسلىق ئامىل سۈپىتىدە بايان قىلغان.

❁ ❁ ❁

## ئىسلامنى بۇزىدىغان ئۈچىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇشرىكلارنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلمىسا ياكى ئۇلارنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىدە شەك قىلسا ۋە ياكى ئۇلارنىڭ يولىنى (كۇفۇرلۇقلىرىنى) توغرا دېسە، كاپىر بولغان بولىدۇ».

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

❖ **مۇشرىك ۋە كاپىرلارنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىش**

ئەھلى كىتاب، مۇشرىك، دىنسىز، بۇتپەرەس، مەجۇسىي ۋە مۇرتەدلەردىن ئىبارەت الله كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلغان بارلىق كىشىلەرنى قىلچە شەك قىلماستىن كەسكىن كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋاجىب بولۇپ، بۇ ــ تەۋھىدنىڭ تەلەپلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

**تەۋھىدتە بولۇشى زۆرۈر بولغان ئىككى ئىش**

تەۋھىدتە مۇنداق ئىككى ئىشنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر:

**بىرىنچى، تاغۇتنى ئىنكار قىلىش**

تاغۇت ــ بەندىلىك دەرىجىسىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ھەرقانداق چوقۇنۇلغۇچى ياكى ئەگىشىلگۈچى ۋە ياكى بويسۇنۇلغۇچىدۇر. شەرىئەتكە قارشى چىققان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تاغۇتتۇر. تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ــ اللهتىن باشقا ئىبادەت قىلىنغۇچىلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۇزۇل-كېسىل ئادا-جۇدا بولۇش، ئۇلارغا قۇلچىلىق قىلىشنى ئىنكار قىلىش ۋە چىن قەلبىدىن ئۆچ كۆرۈش ھەمدە ئۇلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنى دۈشمەن تۇتۇشتۇر.

**ئىككىنچى، الله قا ئىمان كەلتۈرۈش**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِنْ بِاللَّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى

**لَا انْفِصَامَ لَهَا وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾** «(كىمكى تاغۇت (يەنى الله تىن باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، الله قا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

سىز يۇقىرىقى ئايەتتىكى ئىككى ئىشنى (يەنى بارچە تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىش ۋە الله قا ئىمان كەلتۈرۈشنى) ھەقىقىي ئەمەللەشتۈرسىڭىز، چىن مەنىدىكى مۇۋەھھىد بولغان بولىسىز. مانا مۇشۇنداق قىلىشىڭىز «لا إله إلا اللّٰه» نىڭ تەلەپلىرىدىندۇر. «لا إله إلا اللّٰه» ــ الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوق دېگەنلىكتۇر. بۇ تەۋھىد كەلىمىسى بولۇپ، بۇ كەلىمىنىڭ تەقەززاسى سەۋەبلىك پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن، ئىنسانلار بەختلىك ۋە بەختسىز دەپ ئىككىگە ئايرىلغان، جىھاد يولغا قويۇلغان، قىيامەت تۇرغۇزۇلغان، مۇكاپات ۋە جازالاش ۋەدە قىلىنغان، جەننەت ۋە دوزاخ يارىتىلغان.

«لا إله إلا اللّٰه» نىڭ مەنىسى ــ الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوق دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى تەلىپى بار: بىرى، ئىمان كەلتۈرۈش؛ يەنە بىرى، تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىش. «لا إله» ــ تاغۇتنى ئىنكار قىلىش، الله تىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان پۈتكۈل نەرسىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش؛ «إلا اللّٰه» ــ پۈتكۈل ئىبادەتلىرىنى پەقەت الله قىلا قىلىشتۇر. مانا بۇ بولسا الله قا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر.

كىمكى مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابلارنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلمىسا ياكى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىككىلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ كىشى الله قا، الله نىڭ كىتابىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ بارلىق ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە كاپىر بولغان بولىدۇ. مۇشۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى بۇزىدىغان بىر تۈرلۈك

[1] سۇرە بەقەرە 256 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئامىلنى سادىر قىلغانلىقىغا مۇسۇلمانلار ئىجماغا (بىرلىككە) كەلگەن. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇلارنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىشى ۋە كاپىر ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىشى زۆرۈردۇر. بۇ ھەقتە قازى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىنىڭ «الشفا» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «بىز ئىسلام دىنىدىن باشقا بىرەر دىننى ئۆزىنىڭ دىنى قىلىپ تاللىغان ياكى مۇشرىكلارنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالغان، ياكى شەك قىلغان ۋە ياكى ئۇلارنىڭ كۇفۇر ئىشلىرىنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشىنى، گەرچە ئۇ كىشى مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلغان تەقدىردىمۇ يەنىلا كاپىر دەپ قارايمىز».

دېمەك، كىمكى يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابنى شەرىئەت ئىگىلىرى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتلىرىدە ئىجتىھاد قىلغۇچىدۇر، ئۇلار ھەق ئۈستىدە دەپ قارىسا، ئۇ كىشى الله قا كاپىر بولغان بولىدۇ.

كىمكى يەھۇدىي دىنى ياكى ناسارا دىنى ۋە ياكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتا تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن، بۇ دىنلارنىڭ ھەممىسى ھەق دىن دەپ قارىسا، ئۇ كىشى ھەم الله قا كاپىر بولغان بولىدۇ. مانا بۇ سۆز بىر قىسىم دىنسىزلارنىڭ ئېغىزىدىكى خاتا تونۇش بولۇپ، ئۇلار «كىشىلەرنىڭ خۇددى ئىسلام دىنىغا مەھكەم ئېسىلغاندەك، يەھۇدىي ۋە ناسارا دىنىغا مەھكەم ئېسىلىشىمۇ توغرا» دەپ قارايدۇ. مۇشۇ خىل قاراش ئىنسانلار ئارىسىدا كەڭ يامراپ كەتكەن بولۇپ، الله كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتكەن كىشىلەر دىنىي ئەركىنلىك، دىنلارنىڭ بىرلىكى ۋە دىنلارنىڭ بىر-بىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى جار سېلىشماقتا. ئۇلار «دىنلارنىڭ ھەممىسى ھەق، ئىسلام بىلەن باشقا كاپىر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق ئۆچ-ئاداۋەت يوق» دەپ دەۋا قىلىشماقتا. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئىسلامنى بۇزىدىغان مۇشۇ ئامىللارنى ئىنسانلارغا چۈشەندۈرگەن ۋە ئېچىپ بەرگەن كىشىلەرنى ئاشقۇن، دىننى چىڭىتىۋالغۇچى، مىللەت ۋە خەلقلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئادەۋەت قوزغىغۇچىلار دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇ سۆزلىرى

ئارقىلىق ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئوچۇق كۇفۇرلۇق ۋە مۇرتەدلىك بولۇپ، بۇ ــ تەۋھىد ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىگە تۈپتىن قارشى سۆزدۇر.

دىنىي ئەركىنلىك، دىنلارنىڭ بىرلىكى ۋە دىنلار ئارىسىدىكى يېقىنلىقنى جار سېلىشقان ھەمدە دىنلار ئارىسىدىكى ئەقىدە پەرقىنى يوقىتىشنى دەۋا قىلغان كىشىلەر ــ ئىنسانلار قەلبىدىن دىننى يوقىتىش ئۈچۈن سەئيى قىلغان، ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ھاياتلىق ئۆلچىمىنى ئىنكار قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھاياتلىققا پەقەت ھايۋانلارچە قارايدۇ، بەلكى ئۇلار ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەردۇر، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَآءُ مِنْكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاءُ أَبَدًا حَتَّى تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ﴾ «ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان (مۇئمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: <ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا-جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر الله قا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغىچە ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ> دېدى»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَرْغَبُ عَنْ مِلَّةِ إِبْرَاهِيمَ إِلَّا مَنْ سَفِهَ نَفْسَهُ وَلَقَدِ اصْطَفَيْنَاهُ فِي الدُّنْيَا وَإِنَّهُ فِي الْآخِرَةِ لَمِنَ الصَّالِحِينَ﴾ «ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ»②.

ئىنساننىڭ پەقەت يالغۇز الله قىلا ئىبادەت قىلىشى، الله قىلا دۇئا قىلىشى،

① سۈرە مۇمتەھىنە 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە بەقەرە 130- ئايەت.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك قىسقا ۋاقىتمۇ اللە قا شېرىك كەلتۈرمەسلىكى ۋە اللە تىن باشقا ھەرقانداق مەئبۇدتىن ئادا ـ جۇدا بولۇشى زۆرۈردۇر. ئەبۇ مالىك دادىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە تىن باشقا ھەقىقىي ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات يوق دېسە ۋە اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىۋاتقان نەرسىلەرگە كاپىر بولسا ئۇ كىشىنىڭ مېلى ۋە قېنى ھارام بولىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى اللە قا تاپشۇرۇلىدۇ». [1]

اللە قا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، اللە تىن باشقا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بارچە نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىش كېرەك. ئىنساننىڭ قېنى ۋە مېلىنىڭ ساقلىنىشى بولسا اللە قا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە اللە تىن باشقا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بارلىق نەرسىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يەھۇدىي ۋە ناسارالار ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگەشمىگۈچە مۇسۇلمانلاردىن رازى بولمايدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەم قويمايدىغانلىقىنى ھەربىر مۇسۇلمان بىلىشى كېرەك. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنْ تَرْضَى عَنْكَ الْيَهُودُ وَلَا النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ قُلْ إِنَّ هُدَى اللَّهِ هُوَ الْهُدَى وَلَئِنِ اتَّبَعْتَ أَهْوَاءَهُمْ بَعْدَ الَّذِي جَاءَكَ مِنَ الْعِلْمِ مَا لَكَ مِنَ اللَّهِ مِنْ وَلِيٍّ وَلَا نَصِيرٍ﴾ «سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <توغرا يول پەقەت اللە نىڭ يولىدۇر>. ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى ـ خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن بولساڭ، (سېنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ»[2].

اللە تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە كاپىرلارنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىلەرنى

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە بەقەرە 120 ـ ئايەت.

كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرغان ۋە قورقۇتقان. مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىندىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى مۇشۇ ئىشلارغا ئاگاھ بولمىسا، پۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان ۋاقىت كەلگەندە بارماقلىرىنى چىشلەپ قالىدۇ ۋە ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. بارچە مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىشى كېرەككى، دىن ئارقىلىق ئىززەت ۋە غەلىبە ھاسىل بولىدۇ، شەھەرلەر بەرپا بولىدۇ، رەھمان تائالانىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىغان دوستلىرى بىلەن يېمەك ـ ئىچمىكى تەل بولسىلا ئىسلام دىنىغا كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان شەيتاننىڭ دوستلىرى ئايرىلىدۇ.

بارلىق مۇسۇلمانلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشلىرى كېرەك. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلَّا الَّذِي فَطَرَنِي فَإِنَّهُ سَيَهْدِينِ﴾ «پەقەت مېنى ياراتقان الله مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ»[1].

بىز دىنىمىز ۋە ئەقىدىمىزگە قايتىشىمىز، الله نىڭ كاپىرلار توغرىسىدىكى ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قَاتِلُوا الَّذِينَ يَلُونَكُمْ مِنَ الْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا فِيكُمْ غِلْظَةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۇستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بۇلۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا انْسَلَخَ الْأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ﴾ «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان

[1] سۈرە زۇخرۇف 27ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 123ـ ئايەت.

ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار»[①].

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۆزىنى ئىسلامغا مەنسۇپ دەۋالغان كۆپلىگەن ھاكىملارنىڭ ئەھۋاللىرى سىزگە نىسبەتەن ئېنىق ئاشكارا بولىدۇ. ئۇ ھاكىملار مۇشرىكلارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ، ئۇلارنى چوڭ بىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىدۇ؛ ئەمما ھەق دىن ئەھلىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ، ئەزىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى تۈرمىلەرگە تاشلايدۇ.

### ❖ ئىسلامنى بۇزىدىغان ئۈچىنچى ئامىلنىڭ خۇلاسىسى

**الله قا كاپىر بولغۇچىنىڭ ھالەتلىرى**

الله قا كاپىر بولغۇچى مۇنداق ئىككى خىل ھالەتتىن خالىي بولالمايدۇ:

- **بىرىنچى خىل ھالەت**

كىمكى يەھۇدىي، ناسارا، بۇددىست ياكى دىنسىزلارغا ئوخشاش ئايەت ۋە ھەدىسلەردە كاپىر ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان كاپىرلارنى كاپىر دېمىسە، ياكى ئۇلارنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىدىن شەكلىنىپ قالسا ۋە ياكى ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى توغرا دەپ قارىسا، كاپىر بولۇپ ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇلار يەھۇدىي، ناسارا ۋە بۇددىستلارنىڭ كاپىر ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى يالغانغا چىقارغان ھېسابلىنىدۇ. كاپىرلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىشىلەرنى كاپىر دېمىگەن كىشى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى يالغانغا چىقارغان كىشىگە ئوخشاشتۇر.

- **ئىككىنچى خىل ھالەت**

---

① سۈرە تەۋبە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نى مەسخىرە قىلىش ياكى تىللاشقا ئوخشاش ئىسلام ئالىملىرى ئىجماغا كەلگەن ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان بىرەر ئامىلنى سادىر قىلىپ سالغان بولسا، ئۇ كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. مۇشۇ كىشىنى كاپىر دېيىشتىن باش تارتقان كىشى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتنىڭ بىرىدە بولىدۇ:

بىرىنچى خىل ھالەت، كاپىر دېيىشتىن باش تارتقان كىشى ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىلنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. بۇ كىشىگە ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللار ئېنىق چۈشەندۈرۈلىدۇ، چۈشەندۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىنكار قىلسا، ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىلنى سادىر قىلغان كىشىگە ئوخشاشلا كاپىر بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل ھالەت، كاپىر دېيىشتىن باش تارتقان كىشى، كاپىر دەپ قارالغان كىشىنىڭ ئىسلامنى بۇزىدىغان بىرەر ئامىلنى سادىر قىلىپ قېلىشىدا ئۆزرىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېھتىيات يۈزىسىدىن كاپىر دېمىگەن بولسا، ئۇ كىشى كاپىر دېيىلمەيدۇ. چۈنكى، ئىسلام شەرىئىتىدە ئەسلى مۇسۇلمان بولغان، ئەمما ئىسلامنى بۇزىدىغان بىرەر ئامىلنى سادىر قىلىپ قالغان كىشىنى كاپىر ياكى مۇرتەد دېيىش ئۈچۈن شۇ كىشىدە ئىسلام دىنىمىز بېكىتىپ بەرگەن كاپىرغا چىقىرىش شەرتلىرىنىڭ تولۇق تېپىلغان ياكى تېپىلمىغانلىقىغا ھەمدە شۇ كىشىدە كاپىر بولۇپ كېتىشتىن چەكلىگۈچى ئامىللارنىڭ بار ياكى يوقلۇقىغا قاراپ چىقىش زۆرۈردۇر. ئەگەر ئۇ كىشى سادىر قىلغان ئامىل نامازغا ئوخشاش ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ قىلىنغان ئىجتىھادىي مەسىلە بولسا، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا مۇشۇ كىشىنى كاپىر دېمىگەن كىشى كاپىر دېيىلمەيدۇ. چۈنكى، سەلەفلەر زالىم ھاكىملارنى ياكى ھەددىدىن ئاشقان ۋالىيلارنى كاپىر دېيىشتە ئىختىلاپ قىلىشقان.

ھەممىگە مەشھۇر بولغىنىدەك، سەلەف ئالىملىرى ھەججاجنى كاپىر دېيىشتە ئىختىلاپ قىلىشقان. كۆپىنچە سەلەف ئالىملىرى ھەججاجنى كاپىر دەپ قارىمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان. ئەمما، سەئىد ئىبنى جۇبەيىر قاتارلىق يەنە بىر قىسىم سەلەف ئالىملىرى ھەججاجنى كاپىر دەپ قارىغان. سەئىد ئىبنى جۇبەيىرگە: «سەن ھەججاجغا قارشى چىقتىڭمۇ؟» دېيىلگەندە، ئۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، ھەججاج كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى چىقتىم» دېگەن. ئوخشاشلا مۇجاھىدتىن ھەججاج ھەققىدە سورالغاندا، مۇجاھىد: «مەندىن كاپىر توغرىسىدا سوراۋاتامسەن؟!» دېگەن. تائۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «ئىراقتىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەججاجنى مۇئمىن دەپ قارايدىغانلىقىغا ھەيرانمىز!». ئۇلار ھەججاجنى كاپىر دېمىگەن كىشىلەرنى كاپىر دەپ قارىمىغان ھەمدە «كاپىرنى كاپىر دېمىگەن كىشى كاپىر» دېگەن قائىدىنى ئۇلارغا تەتبىقلىمىغان. ھەججاجنى كاپىر دېيىشتە سۈكۈتتە تۇرغان ئالىملار ئۇنىڭدىن ئوچۇق كۇفۇرلۇق سادىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن «ئۇنىڭدا ئەسلى ئىمان بار» دەپ قاراپ، ئۇنى كاپىر دېيىشتە سۈكۈتتە تۇرغان.

سەلەف ئالىملىرى خاۋارىج ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىدئەتچى تائىپىلەرنى كاپىر دېيىش ياكى دېمەسلىك مەسىلىسىدىمۇ ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، ئۇ تائىپىلەرنى كاپىر دېگەن ئالىملار كاپىر دېمىگەنلەرنى كاپىر دەپ قارىمىغان. چۈنكى، بۇ ئىجتىھادىي مەسىلە بولۇپ، ھەربىر ئالىم بۇ مەسىلىدە تولۇق دەلىل ـ پاكىتقا ئىگە بولغانغا قەدەر، الله بەرگەن ئىلمى، تەقۋالىقى ۋە سەمىمىيىتى ئاساسىدا ئىجتىھاد قىلىدۇ.

ھازىرقى زاماندا كۆپلىگەن ئاشقۇن كىشىلەر «كاپىرنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلمىغان كىشى كاپىر» دېگەن قائىدىنى زەنجىرسىمان قىلىۋالىدۇ. بىر تۈركۈم نادان ئاشقۇنلار ئېھتىماللىقى بار سۆز ھەرىكەتلەر سەۋەبلىك ياكى ئاقىۋىتى

كۇفرى بولغان ئەمما ئۆزى بىۋاسىتە كۇفرى بولمىغان سۆز ھەرىكەتلەر سەۋەبلىك ئۆزىگە قارشى چىققان كىشىلەرنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

❁ ❁ ❁

## ئىسلامنى بۇزىدىغان تۆتىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىمكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولىدىن باشقا بىر يولنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولىدىن مۇكەممەل دەپ قارىسا، ياكى باشقا بىرىنىڭ ھۆكمىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۆكمىدىن ياخشى دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشى تاغۇتلارنىڭ ھۆكمىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۆكمىدىن ئۈستۈن دەپ قارىغان كىشىگە ئوخشاش كاپىر بولىدۇ».

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزى، ئەمەلىيىتى ۋە تەقرىرىنى (يەنى ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا قىلغان ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنمىغان سۆز ھەرىكەتلىرىنى) الله تائالا تەرىپىدىن بولغان ۋەھيي دەپ ئېتىقاد قىلىشى ۋاجىبتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى۞ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى۞﴾ «(ئۇ) ئۆز نەپسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ [3]. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ [4]»①.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزى، ئىش-ھەرىكىتى ۋە تەقرىرى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئەسلى ھۆكۈمدۇر. شۇ سەۋەبتىن، سەلەفلەر قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئىككى ۋەھيي دەپ ئاتىغان. ئەۋزائى ھەسسان ئىبنى ئەتىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قۇرئاننى ئېلىپ چۈشكەندەك، سۈننەتنىمۇ ئېلىپ چۈشكەن».

دېمەك، سۈننەت ۋەھيىدۇر. بۇ — سەلەف ۋە خەلەفلەردىن ئىبارەت ئومۇمىي ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا بىرلىككە كېلىنگەن قاراشتۇر. ئىمام شافىئىي

---

① سۈرە نەجم 3-، 4- ئايەتلەر.

(رەھىمەھۇللاھ): «سۈننەت تىلاۋەت قىلىنمايدىغان ۋەھىيدۇر» دېگەن، ئىبنى ھەزىممۇ بۇ سۆزگە قوشۇلغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولى ــ ئەڭ ياخشى يولدۇر. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى الله نىڭ كىتابى، يولنىڭ ياخشىسى مۇھەممەد ﷺ نىڭ يولىدۇر» دەيتتى.[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شەرىئىتى نۇقسانسىز ۋە مۇكەممەل شەرىئەتتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾ «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[2].

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ نىڭ شەرىئىتى بويىچە ياشاشقا بۇيرۇغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الْآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ «كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر»[3].

كىمكى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا ئوخشاش ساماۋىي دىنلار بولسۇن، ياكى ئىنسانلار الله نى قويۇپ ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان ئاتالمىش دىنلار بولسۇن، ئومۇمەن، مۇھەممەد ﷺ نىڭ دىنىدىن باشقا بىرەر نەرسىنى ئىنسانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە بەختەرلىكى ئۈچۈن ئەڭ لايىق دەپ ئېتىقاد قىلسا، گەرچە ئۇ كىشى الله نازىل قىلغان ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسى بىلەن مۇرتەد كاپىردۇر.

الله تائالا بارلىق ئىنسانلارنى الله نىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىنى تەتبىقلاشقا بۇيرۇغان. كىمكى باشقا بىرەر

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە مائىدە 3ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ئال ئىمران 85ـ ئايەت.

ھۆكۈمنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكمىدىن ئارتۇق بىلسە، بۈيۈك الله قا كاپىر بولغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇش، ئۇنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا رازى بولۇش؛ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئەقىدە مەسىلىسىدە ئۇنىڭ ھۆكمىنى تەتبىقلاش؛ قان، مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانىي ھەقلەر توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان ۋاقىتتا الله نىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتىگە قايتىش ــ الله قا ئىمان ئېيتىشنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرىدىندۇر.

ھېچكىم الله نىڭ ھۆكمى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلماسلىقى كېرەك. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ يَقُصُّ الْحَقَّ وَهُوَ خَيْرُ الْفَاصِلِينَ﴾ «بارچە ھۆكۈم الله قا خاس، الله ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، الله ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىدۇر»[①].

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كىمكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىدىن باشقا بىر يولنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىدىن مۇكەممەل دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشى ئالىملارنىڭ ئىجماسى بىلەن كاپىر بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بىرەر كىشىنىڭ ھۆكمىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكمىدىن ياخشى دەپ ئېتىقاد قىلسىمۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىجماسى بىلەن كاپىردۇر. شۇڭلاشقا ھەربىر ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىنى ھەرقانداق كىشىنىڭ ھۆكمىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشى، ئارىسىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق مەسىلىنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشى، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ كۇفۇرلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋاجىب.

ھاكىملارنىڭ الله نىڭ ھۆكمى ۋە شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشى ۋە ھۆكۈم تەلەپ قىلغۇچىلارغا الله نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتى

---

① سۈرە ئەنئام 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بويىچە ھۆكۈم قىلىشى ۋاجىبتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ آمَنُوا بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَنْ يَتَحَاكَمُوا إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوا أَنْ يَكْفُرُوا بِهِ وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُضِلَّهُمْ ضَلَالًا بَعِيدًا**﴾ «ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ: ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ»[1].

الله تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايەتتە ئۇلارنى «ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ «الله نازىل قىلغان نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈردۇق» دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئايەتتىكى الله نازىل قىلغان نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ تەقەززاسى — كاپىرلارغا كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىش، كاپىرلاردىن ھۆكۈم تەلەپ قىلماسلىقتۇر.

الله تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان نەرسىدىن باشقا نەرسىلەردىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىش بىلەن ئىماننىڭ ھەرگىزمۇ سىغىشمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ۋە قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[2].

الله تائالا بۇ ئايەتتە قەسەم قىلىپ ۋە تەكىتلەپ تۇرۇپ، الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان ۋە الله نىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىغان كىشىدە

[1] سۈرە نىسا 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت.

ئىمان بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. الله تائالانىڭ مەزكۇر بايانىدىن شۇ ئايان بولىدۇكى، ئىنسانلار ئارىسىدا الله چۈشۈرگەن ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىش — ئىمان، ھۆكۈمنى پەقەت الله تىنلا تەلەپ قىلىش — الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتتۇر. الله تىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىشنى ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك دەپ قاراپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى دىن ۋە ئىبادەت دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋاجىبتۇر. الله تائالا بۇ ئايەتتە قەسەم قىلىپ ۋە تەكىتلەپ تۇرۇپ، مۇئمىنلەر ئۆزلىرىدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ سۈپەتنى ھازىرلىمىغۇچە ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ مۇكەممەل بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان:

1. بارلىق ئىشلاردا پەيغەمبەر ﷺ دىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىش.
2. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكمىگە قەلبىدە قىلچە سىقىلىش بولماسلىق.
3. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكمىگە مۇكەممەل تەسلىم بولۇش،

بەندىلەرنىڭ ئۆز ئارىسىدا يۈز بەرگەن بارلىق دەتالاشلاردا الله نىڭ شەرىئىتى بويىچە ئىش قىلىشى ۋاجىبتۇر. كىمكى الله نىڭ شەرىئىتىنى باشقا قانۇنلارغا ئۆزگەرتسە كاپىر بولىدۇ، چۈنكى الله تائالا ئۆزى نازىل قىلغان ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەرنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ «كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر»[①].

ئىنسانلار ئىچىدە ئۆزىنى مۇسۇلمان چاغلايدىغان نۇرغۇن ھۆكۈمدارلار يەرلىك قانۇنلارنى تۈزۈۋالغان بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرگە شۇ قانۇنلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئاشۇ قانۇنلارغا قارشى چىققان كىشىلەرنى جازالايدۇ. ئەمما، ئۆزىنىڭ ئىككى شاھادەتنى ئىقرار قىلىدىغانلىقى ۋە الله نىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. گەرچە ئۇلار ئوچۇق-ئاشكارا شاھادەت ئېيتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىلغان ئەملى شاھادەتنى

[①] سۈرە مائىدە 44- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەلبىدىن چىن رەۋىشتە تەستىقلىمايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

كىمكى ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى رازى بولۇشقان دەپ قاراپ زىناخورغا جازا ئىجرا قىلمىسا، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ھۆكمىنى تەن جازاسى ياكى ئىقتىسادىي جازاغا ئالماشتۇرسا، ھەربىر كىشىنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى بار، مۇرتەد دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ ۋە تەۋبە تەلەپ قىلىنمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى كاپىرلىقتۇر ۋە ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر. دۇنيالىق ئىشلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ئىسلام شەرىئىتىدىن چەتنەش، بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم تەلەپ قىلماسلىق بۈگۈنكى مۇسۇلمان جەمئىيەتلەردىكى ئەڭ چوڭ ئازغۇنلۇق ۋە ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە توغرا يولدىن چەتنىگەنلىكتۇر.

الله نىڭ ھۆكمىنى قايرىپ قويۇپ، مەخلۇقلاردىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىش — روشەن ئازغۇنلۇق، ئىنساننىڭ دىنى ۋە دۇنيالىقىدىكى پىتنىدۇر.

**ھۆكۈمدارنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغان ھالەتلىرى**

تۆۋەندە شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ ھۆكۈمدارنىڭ قانداق ۋاقىتلاردا دىندىن چىقىپ كېتىپ كاپىر بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى قىستۇرۇپ ئۆتىمىز:

- بىرىنچى، ھۆكۈمدار الله نازىل قىلغان ئايەتلەردىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلغان ۋە ياكى الله نازىل قىلغان شەرئىي ھۆكۈمگە تانغان بولسا، شەرئىي ھۆكۈمگە تېنىشنىڭ دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان شېرىك ئىكەنلىكىدە ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

- ئىككىنچى، ھۆكۈمدار الله نازىل قىلغان ئەھكاملاردىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە تانمىغان، ئەمما زاماندا يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلارغا نىسبەتەن ياكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىش ئېھتىياجى سەۋەبلىك،

باشقا ھۆكۈمنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىدىن ياخشى، ئومۇمىي ۋە مۇكەممەل دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ ھۆكۈمدار كاپىردۇر. چۈنكى، ئۇ — ئەقىللىرى كەمتۈك ۋە تەپەككۇرلىرى ئاددىي بولغان مەخلۇقلارنىڭ ھۆكمىنى، زاماننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدىغان، تۈرلۈك ھادىسە ۋە شارائىتلارغا ماس كېلىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىدىن ئۈستۈن بىلگەن كىشىدۇر.

• ئۈچىنچى، ھۆكۈمدار ئاللاھ نازىل قىلغان ئەھكاملاردىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، باشقىلارنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىدىن ياخشى دەپ قارىمىغان، لېكىن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش دەپ قارىغان بولسا، بۇمۇ يۇقىرىقى ئىككى تۈرگە ئوخشاشلا شۇ كىشىنى دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇفۇرلۇقتۇر. چۈنكى، بۇ — ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچىنى تەڭ ئورۇنغا قويغانلىقتۇر.

• تۆتىنچى، ھۆكۈمدار ئاللاھ نازىل قىلغان ئەھكاملاردىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، باشقىلارنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىدىن ياخشى دەپ قارىمىغان ۋە ئوخشاش دەپمۇ قارىمىغان، لېكىن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىگە قارشى كېلىدىغان نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغان بولسا، بۇمۇ ئىلگىرىكى تۈردىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا كۇفۇرلۇقتۇر.

• بەشىنچى، ئومۇمىي ۋە ئوچۇق-ئاشكارا ھالەتتە چەكتىن ئېشىپ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىقىش. يەنى، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئاتالمىش قانۇنلىرىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاش ۋە ئۇ ئاتالمىش قانۇنلىرىنى كىشىلەر ئاساسلىنىشى لايىق بولغان مىزان، شەرئىي ھۆكۈم ۋە شەرئى مەھكىمىلەرگە ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش. مەسىلەن، كاپىر دۆلەتلەرنىڭ ئاتالمىش يەرلىك قانۇنلىرىغا ئوخشاش.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلەرنىڭ دەلىللىرى ھەممىگە تونۇشلۇق ھەم

مەشھۇر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئورۇندا تەپسىلىي توختالمايمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله نىڭ ھۆكمى ئىنسانىيەتكە پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا بارچە ھۆكۈملەرنى الله تىنلا تەلەپ قىلىش ۋاجىبتۇر. بىردىنبىر قانۇن چىقارغۇچى زات يېگانە الله تۇر. الله مەخلۇقاتلارنىڭ ھاياتىغا نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، زامانلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى، شارائىتلارنىڭ ئالمىشىشىنى، كەلگۈسىدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە بىلىدىغان زاتتۇر.

بەزى پەيلاسوپ، ئىلمانىزىمچى ۋە شۇلارغا ئوخشايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر «شەرىئەتنى ھاكىم قىلىش سىياسىي مۇستەبىتلىك ۋە پىكرىي ئىزتىراپنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ھاياتلىق بىلەن ماس قەدەمدە ماڭالمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇمۇ ھەم ئىسلامدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. بۇلار مەزكۇر سۆزلىرى ئارقىلىق الله تائالانىڭ زامان ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ بەندىلەرگە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى مۇكەممەل بىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

يۇقىرىدا تەپسىلاتى بايان قىلىنغاندەك، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىنساننى دىندىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئەمما، ئىنساننى دىندىن چىقىرىپ تاشلىمايدىغان ھالەت الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغان: ﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ «كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر»[1]. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بۇ ئايەتتىكى كۇفۇرلۇق سىلەر ئويلىغاندەك دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كۇفۇرلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ كىچىك كۇفۇرلۇقتۇر» دېگەن ۋە مۇشۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان، تائۇسمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىرلىگەن.

[1] سۈرە مائىدە 44ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قايسى ھالەتلەردە الله نازىل قىلغان شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ھالدا ھۆكۈم قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ؟ جاۋابى شۇكى، ئۇ كىشى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىدە خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالەت؛ بىرەر مەسىلىدە ئۆزىنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىش، ياكى يۈز-ئابرۇي، ياكى پۇل-مالغا ئوخشاش دۇنيا ماتالىرى ۋە ياكى شەھۋىتى غالىب كېلىش سەۋەبلىك الله نازىل قىلغان شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ھالدا ھۆكۈم قىلغان ھالەت. ئىنساننىڭ بۇنداق ھالەتلىرى ئۇنى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ، لېكىن ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە زىنا قىلىشقا ئوخشاش چوڭ گۇناھلاردىنمۇ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. مۇشۇ ھالەت ئىنساننىڭ ھاياتىدا بىرەر قېتىم سادىر بولۇپ قالسا، سادىر قىلغۇچىنى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ، لېكىن بۇ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ بولۇپ، ئۇ كىشى ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن تەۋبە قىلىشى كېرەك.

❁ ❁ ❁

## ئىسلامنى بۇزىدىغان بەشىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىمكى پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن بىرەر نەرسىنى ئۆچ كۆرسە، گەرچە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان بولسىمۇ كاپىر بولىدۇ».

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

ئىسلام ئالىملىرى ئۆز كىتابلىرىدا بۇنداق كىشىنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كىمكى پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ھۆكۈملەردىن بىرەرسىنى ئۆچ كۆرسە ياكى يامان كۆرسە، شەكسىزكى، الله قا كاپىر بولغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئېتىقادتىكى نىفاق بولۇپ، كىشىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدۇ ۋە ئۇنداق كىشى دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا بولىدۇ. بۇنداق ئېتىقادىدا نىفاق بار كىشىلەر ھەر زاماندا مەۋجۇدتۇر.

بۇيرۇق ياكى چەكلىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىمكى الله نىڭ شەرىئىتىدىن ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكمىدىن بىرەر نەرسىنى يامان كۆرسە، ئۇ كىشى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ۋە ئۆزىنى چىدىغۇسىز ئازابقا (دوزاخ ئازابىغا) دۇچار قىلغان بولىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى ئىلمانىزىمچىلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن مۇناپىقلار ھەمدە غەربكە ئالدىنىپ كەتكەن ئىنسانلار ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، ھاراق ئىچكۈچىنى جازالاش، قەستەنلىك بىلەن باشقىلارنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى قىساس يۈزىسىدىن ئۆلتۈرۈش، ئايالنىڭ دىيىتى ئەرنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولۇش، ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر بولۇش... دېگەندەك شەرئىي ھۆكۈملەرنى ئۆچ كۆرىدۇ. الله نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى ئۆچ كۆرگەنلەر ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەن كاپىرلاردۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى الله نىڭ شەرىئىتىدىن ئۆزى ئۆچ كۆرگەن نەرسىگە ئەمەل

قىلىسمۇ، ئەمەل قىلغىنىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. مەسىلەن، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى پۈتۈنلەي يامان كۆرىدىغان كىشى گەرچە بىردىن كۆپ ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇغان بولسىمۇ، الله نىڭ مۇشۇ قانۇنىنى ئۆچ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن الله قا كاپىر بولغان بولىدۇ. تۇرلۇك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا قارشى جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان ئىنسانلار، ئەمەلىيەتتە الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا جەڭ ئېلان قىلىۋاتقانلىقىنى، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتىدۇ.

شۇنىڭدەك، كىمكى ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر كېلىدىغانلىق توغرىسىدىكى الله نىڭ ھۆكمىنى يامان كۆرسە، شۇنداقلا، ئۇچۇق ئايەت ۋە ھەدىس كەلگەن غەيبكە ئالاقىدار خەۋەرلەرنى ئەركىنلىك ياكى رىئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دېگەن دەۋا بىلەن ئۆچ كۆرسە، بۇ كىشى ھەم الله قا كاپىر بولغان بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا فَتَعْسًا لَهُمْ وَأَضَلَّ أَعْمَالَهُمْ ۞ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَرِهُوا مَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأَحْبَطَ أَعْمَالَهُمْ﴾ «كاپىرلارنى الله ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ [8]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار الله نازىل قىلغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) يامان كۆرۈش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى [9]»①. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى الله نازىل قىلغان قۇرئاننى يامان كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك كاپىر دەپ ئاتىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتكەن.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمُ اتَّبَعُوا مَا أَسْخَطَ اللَّهَ وَكَرِهُوا رِضْوَانَهُ فَأَحْبَطَ أَعْمَالَهُمْ﴾ «بۇ (ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار الله نى دەرغەزەپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئەگەشتى، الله نىڭ رازىلىقىنى (يەنى الله نى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى) ياقتۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلدى»②.

---

① سۈرە مۇھەممەد 8 ـ، 9 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە مۇھەممەد 28 ـ ئايەت.

مۇسۇلمان دەپ ئاتالغان نۇرغۇن كىشىلەر الله نىڭ ھۆكۈملىرى ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇنچە يامان كۆرۈشكە «جۈرئەت» قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمايمىز دەپ، شۇ ھۆكۈمنى ئىنكار قىلدى؛ يەنە بەزىلىرى بۇ ھۆكۈم مەلۇم بىر زامانغا خاس ئىدى، ئۇ زامان ئۆتۈپ كەتتى دەپ، شۇ ھۆكۈمنى رەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ـــ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا قارشى چىققانلىق ئىدى.

كىمكى بىرەر گۇناھنى ئۇنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ۋە ھاراملىقىنى ئىنكار قىلماي تۇرۇپ سادىر قىلغان بولسا، ئۇ كىشى باشقا ئاسىي كىشىلەرگە ئوخشاش گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق كىشى الله نىڭ خالىشى ئاستىدا بولۇپ، الله خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرۈۋېتىدۇ.

بىر كىشىنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ھارام قىلغان ئىشنى سادىر قىلىشى ئۇنىڭ شۇ ئىشنىڭ ھاراملىقىنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، بىر كىشىنىڭ ۋاجىبنى ئادا قىلماسلىقى ئۇنىڭ شۇ ۋاجىبنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. كىمكى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارىسا، «چوڭ گۇناھقا ئۇرۇنغان كىشى كاپىر ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» دەيدىغان خاۋارىجلارنىڭ يولىغا ماڭغان ۋە گۇناھ سادىر قىلغان كىشىلەردە يوق نەرسىنى ئۇلارغا چاپلىغان بولىدۇ. مەسىلەن، ساقالنى چۈشۈرۈش، ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىش، ھاراق ئىچىش دېگەندەك گۇناھلارنى سادىر قىلغان كىشىلەرگە «سىلەر پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن بەزى نەرسىلەرنى ئۆچ كۆردۈڭلار، ئەگەر ئۆچ كۆرمىگەن بولساڭلار پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلغان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردىن يانغان بولاتتىڭلار» دېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان كىشىلەر شۇ گۇناھى سەۋەبلىك ئىسلامدىن چىقىپ كەتمەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقى شەرىئەتنى ئۆچ كۆرگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئايەت، ھەدىس ۋە

ئەسەرلەر مەۋجۇد بولۇپ، تۆۋەندىكى ھەدىس شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن:

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ دەۋرىدە ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ <ھىمار> دەپ لەقەملىنەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن جازالىغان بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ كىشى يەنە كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يەنە جازالاشقا بۇيرۇدى، ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىندى. شۇ ئارىدا قەۋم ئىچىدىن بىر كىشى: <ئى الله ! ئۇنىڭغا لەنەت قىلغىن، ئۇ تەكرار ھاراق ئىچتى> دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنىڭغا لەنەت قىلماڭلار، الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن> دېدى». [①] بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ ھاراق ئىچكەن كىشىگە لەنەت قىلغان كىشىنى لەنەت قىلىشتىن توسقان.

**مەزكۇر تېمىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر**

بىر قىسىم ئۆچ كۆرۈشلەر پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئۆچ كۆرۈش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، مەسىلەن، ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىنى ئۆچ كۆرۈشى، مۇئمىنلەرنىڭ ئۇرۇشتا جان ۋە مال سەرپ قىلىنىدىغانلىقى ۋە زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇرۇش قىلىشنى ئۆچ كۆرۈشى، سوغۇق كۈنلەردە تاھارەت ئالماقچى بولغان كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىشنى ئۆچ كۆرۈشكە ئوخشاش ئىشلار. بۇلار ئىنسان تەبىئىتىدىكى نورمال ئىشلار بولۇپ، ئىنسان بۇنداق ئۆچ كۆرۈشلەردىن ساقلىنالمايدۇ.

الله تائالا جىھادنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ياقمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تُحِبُّوا شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ**﴾ «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار

[①] بۇخارى توپلىغان.

مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار»[1].

قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە تاھارەت ئېلىشنى ئۆچ كۆرۈش ۋە ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ كۆپ خوتۇن ئېلىشىنى ئۆچ كۆرۈشى پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئۆچ كۆرۈش قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئايال كىشى ئۆزىنىڭ كۈندەشلىكى سەۋەبلىك ئېرىنىڭ باشقا خوتۇن ئېلىشىنى يامان كۆرىدۇ، مۇجاھىد ئىسلامدىكى جىھادنىڭ پەزىلىتىنى ئىقرار قىلىدۇ-يۇ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلۈش، يارىلىنىش، قورقۇنچ قاتارلىق ئىنساننىڭ كۆڭلى ياقتۇرمايدىغان ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ (يەنى شۇ ئىشنىڭ ھۆكمىنى ئۆچ كۆرۈش كۇفۇرلۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جاپاسىنى ئۆچ كۆرۈش ئىنسان ئىختىيارىدا بولمىغان ئۆچ كۆرۈش بولغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ ھېسابلانمايدۇ).

❖ ❖ ❖

[1] سۈرە بەقەرە 216- ئايەت.

## ئىسلامنى بۇزىدىغان ئالتىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دىنىدىكى مۇكاپات ۋە ياكى جازادىن بىرەر نەرسىنى مەسخىرە قىلىش كۇفۇرلۇقتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَبِاللَّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنْتُمْ تَسْتَهْزِئُونَ۝ لَا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُمْ بَعْدَ إِيمَانِكُمْ﴾ «(بۇ مۇناپىقلارغا) <سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟> دېگىن [65]. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار»][1].

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

❖ **الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش**

الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئايەتلەرنى مەسخىرە قىلغان ۋە ئۇنى ئويۇن قاتارىدا كۆرگەن كىشىلەرگە خار قىلغۇچى ئازابنى ۋەدە قىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا عَلِمَ مِنْ آيَاتِنَا شَيْئًا اتَّخَذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ﴾ «ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن بىرەر نەرسىنى بىلگەن چاغدا (يەنى ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى يەتكەن چاغدا)، ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان نەرسە قىلىۋالىدۇ، ئەنە شۇلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[2]. «خار قىلغۇچى ئازاب» دېگەن كەلىمە قۇرئاندا پەقەت كاپىر ۋە مۇشرىكلار ھەققىدىلا كەلگەن.

❖ **دىننى مەسخىرە قىلىش**

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن بىرەر نەرسىنى مەسخىرە قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ كىشى ياكى دىني ئىلىمنى، ياكى الله نىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسىنى، ياكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى، ياكى بۇيرۇلغان

[1] سۈرە تەۋبە 65- ۋە 66- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە جاسىيە 9- ئايەت.

پەرز ئەمەلنى، ياكى قىزىقتۇرۇلغان نەپلە ئەمەلنى مەسخىرە قىلغان بولسۇن ۋە ياكى ناماز ئوقۇغان كىشىنى ناماز ئوقۇغانلىقى، ساقال قويغان كىشىنى ساقال قويغانلىقى ۋە جازانىنى رەت قىلغان كىشىنى جازانىنى رەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك مەسخىرە قىلغان بولسۇن، ئۇ كىشى شەكسىز كاپىردۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن دىندىن بىرەر نەرسىنى مەسخىرە قىلىش كاپىرلارنىڭ ئالامەتلىرى ۋە مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا رَأَوْكَ إِنْ يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا أَهَذَا الَّذِي بَعَثَ اللَّهُ رَسُولًا۞ إِنْ كَادَ لَيُضِلُّنَا عَنْ آلِهَتِنَا لَوْلَا أَنْ صَبَرْنَا عَلَيْهَا وَسَوْفَ يَعْلَمُونَ حِينَ يَرَوْنَ الْعَذَابَ مَنْ أَضَلُّ سَبِيلًا۞﴾ «ئۇلار سېنى كۆرسە پەقەت مەسخىرە قىلىشىپ: <اللّٰه پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشۇمۇ؟ ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىساق (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتى> (دېدى). كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىدۇ [41 ـ 42]»①.

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ أَجْرَمُوا كَانُوا مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا يَضْحَكُونَ۞ وَإِذَا مَرُّوا بِهِمْ يَتَغَامَزُونَ۞ وَإِذَا انْقَلَبُوا إِلَى أَهْلِهِمُ انْقَلَبُوا فَكِهِينَ۞ وَإِذَا رَأَوْهُمْ قَالُوا إِنَّ هَؤُلَاءِ لَضَالُّونَ۞ وَمَا أُرْسِلُوا عَلَيْهِمْ حَافِظِينَ۞﴾ «كاپىرلار ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى [29]، (مۇئمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى [30]، ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۇئمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ) مەزە قىلغان ھالدا قايتىشاتتى [31]. مۇئمىنلەرنى كۆرگەندە: <بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار> دېيىشەتتى [32]. ئۇلار مۇئمىنلەرنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگىنى يوق [33]»②.

ئىبنى ھەزىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىگە شەرئىي ھۆججەت يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، اللّٰه نى ياكى بىرەر پەرىشتىنى ياكى بىرەر

① سۈرە فۇرقان 41ـ ۋە 42ـ ئايەتلەر.

② سۈرە مۇتەففىفىن 29ـ ئايەتتىن 33ـ ئايەتكىچە.

پەيغەمبەرنى ياكى بىرەر ئايەتنى ۋە ياكى دىندىكى بىرەر پەرزنى مەسخىرە قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر».①

چاقچاق قىلىپ ياكى ئوينىشىپ دىننى مەسخىرە قىلغان بولسىمۇ، مۇرتەد بولۇپ ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ قُلْ أَبِاللَّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنْتُمْ تَسْتَهْزِئُونَ ۞ لَا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُمْ بَعْدَ إِيمَانِكُمْ إِنْ نَعْفُ عَنْ طَائِفَةٍ مِنْكُمْ نُعَذِّبْ طَائِفَةً بِأَنَّهُمْ كَانُوا مُجْرِمِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: <بىز (راست ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق> دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا) <سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟> دېگىن [65]. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز [66]»②.

مانا بۇ ئايەت الله نى، پەيغەمبەر ﷺ نى ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن دىندىن بىرەر نەرسىنى مەسخىرە قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. الله نىڭ دىنىدىن بىرەر نەرسىنى مەسخىرە قىلغان كىشى يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى (الله نى، پەيغەمبەر ﷺ نى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغان كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ نى، ساھابىلەرنى، ئالىملارنى ۋە سالىھ كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش

يۇقىرىقى ئايەت پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى مەسخىرە قىلغان

① «الفصل في الملل والأهواء والنحل» 3- توم 142- بەت.

② سۈرە تەۋبە 65- 66- ئايەتلەر.

كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، اللّٰه تائالا ئۇلارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «تەبۇك ئۇرۇشى بولغاندا سورۇندىكى كىشىلەردىن بىرى: <مەن بۇ قارىيلىرىمىزغا ئوخشاش كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇلار گېلىغا بەك ئامراق، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا ناھايىتى قورقۇنچاق> دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەسجىد ئىچىدىكى بىر ئادەم: <سەن يالغان ئېيتتىڭ، سەن مۇناپىق. دېگەن سۆزۈڭنى رەسۇلۇللاھقا ئەينەن ئېيتىمەن> دېدى. ئاندىن كېيىن ئاشۇ سۆز ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى. مەن (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر) ئۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆگىسىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇۋالغانلىقىنى، تاشلارغا پۇتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىز پاراڭغا چۈكۈپ كېتىپ ئوينىشىپ دەپ قويغان ئىدۇق> دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ سۈرە تەۋبىنىڭ 65 ـ ۋە 66 ـ ئايىتىنى ئوقۇدى». [1] دېمەك، اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلار ئۆزرە ئېيتقان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىغان.

اللّٰه نى، اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىنى، اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىنى، اللّٰه نىڭ دىنى ۋە شەرىئىتىدىن بىرەر نەرسىنى مەسخىرە قىلغان كىشى، ئۆزى مەسخىرە قىلىپ ئېيتقان شۇ سۆزنى قەلبىدە ئېتىراپ قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئېيتقان سۆزنىڭ ھەقىقىتىنى مەقسەت قىلغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، گەرچە ئۇ كىشى ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتقان بولسىمۇ اللّٰه قا كاپىر بولغان بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ۋە ئۆزرىلىرىمىز قوبۇل قىلىنىدۇ دەپ گۇمان قىلىشقان. شۇنداق تۇرۇقلۇق، اللّٰه ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئوي ـ پىكىرلىرى ئۇلارنى مۇرتەدلىكتىن توسۇپ قالالمىغان. مانا

[1] «تفسير الطبري» 11 ـ توم 543 ـ بەت.

بۇ اللە نىڭ ھۆكمى بولۇپ، اللە خالىغان نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. اللە نىڭ ھۆكمىگە ھېچبىر كىشى قارشىلىق قىلالمايدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ «سۈرە تەۋبە»نىڭ 65- ۋە 66- ئايىتىنى تەپسىرلەپ مۇنداق دېگەن: «مانا بۇ ئايەت ــ ئۇلارنىڭ كۇفرىنى مەقسەت قىلمىغانلىقى، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشىنى كۇفۇرلۇق بولمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلىنى مەسخىرە قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتىن ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئىشىنى ھارام دەپ قاراپ، كۇفۇرلۇق دەپ ئويلىمىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئىشىنى توغرا دەپ قارىمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئىش سەۋەبلىك كاپىر بولغان».[1]

**ئالىملارنى مەسخىرە قىلىشنىڭ ھالەتلىرى**

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب ۋە ھەمىد ئىبنى ئەتىيق قاتارلىق بىر قىسىم ئالىملار، ئالىملارنى مەسخىرە قىلىشنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ھالەتكە ئايرىغان:

• بىرىنچى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەمدە ئۇلار ھەققىدە ئايەت نازىل بولغان مۇناپىقلارنىڭ «بۇ قارىيلىرىمىزغا ئوخشاش كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇلار قورساقلىرىغا بەك ئامراق، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا ناھايىتى قورقۇنچاق» دەپ ئېيتقانلىرىغا ئوخشاش ئاشكارا مەسخىرە قىلىشتۇر.

• ئىككىنچى، اللە نىڭ كىتابى تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان، اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى سۆزلىنىۋاتقاندا تىلى ۋە قولى ئارقىلىق ھەرخىل مەسخىرە قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان ئىشارەتلەرنى قىلىش؛ قۇرئان تىلاۋەت

[1] «مجموع الفتاوى» 7- توم 273- بەت.

قىلغان ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى يەتكۈزۈلۈۋاتقاندا، ئۇلارنى مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلار يوشۇرۇن مەسخىرە قىلىشتۇر. مەسخىرە قىلىش شەكىللىرى بەكمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ خۇددى پايانسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ھەربىر كىشى بۇ ئىشلاردىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

دىننى مەسخىرە قىلىش ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئىش بولۇپ، ھەتتا الله تائالا دىننى مەسخىرە قىلغان كىشىلەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇشتىن چەكلىگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذًا مِثْلُهُمْ إِنَّ اللَّهَ جَامِعُ الْمُنَافِقِينَ وَالْكَافِرِينَ فِي جَهَنَّمَ جَمِيعًا**﴾ «الله كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. الله ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ»[1].

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ــ سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرى مەسخىرە قىلىنىۋاتقان ۋە كىشىلەر كاپىر بولۇۋاتقان سورۇنلاردا ئولتۇرۇشنى چەكلەش ھەققىدىكى ھۆكۈمنى بىلگەندىن كېيىن، يەنە شۇنداق سورۇنلاردا ئولتۇرۇشقا رازى بولساڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئىشىغا سۈكۈت قىلساڭلار، سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ شۇ گۇناھىغا شېرىك بولغان بولىسىلەر دېگەنلىكتۇر».[2]

---

[1] سۈرە نىسا 140ـ ئايەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 2ـ توم 435ـ بەت.

كىمكى الله نىڭ رەسۇلىنى تىللىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسى بىلەن كاپىر بولغان بولىدۇ. مۇشۇ مەسىلىگە ئىسھاق ئىبنى راھەۋى، مۇھەممەد ئىبنى سەھنۇن، ئىبنى ئابدۇلبەر، ئەبۇ بەكرى پارسىي ۋە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىقلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام ئالىملىرى ئىجمانى نەقىل قىلغان. قازى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) بۇ مەسىلىگە ئالىملارنىڭ ئىجماسىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «(الله بىزنى ۋە سىزنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن!) شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، پەيغەمبەرنى تىللاش، ئۇنىڭغا مالامەت قىلىش، ئۇنى ياكى ئۇنىڭ نەسەبىنى لايىق بولمىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش؛ پەيغەمبەرنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا داغ تەككۈزۈش، ئۇنى تىللاش، تۆۋەن كۆرۈش ۋە كەمسىتىش قاتارلىق ئىشلارنى سادىر قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى پەيغەمبەرنى تىللىغان كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. شۇنداقلا، پەيغەمبەرگە لەنەت قىلىش، ئۇنى قارغاش، ئۇنىڭغا يامانلىق يېتىشنى ئارزۇ قىلىش، پەيغەمبەرگە كەلگەن بەزىبىر قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەت بىلەن ئۇنى ئەيىبلەش، كەمسىتىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە بولغان ئالىملارنىڭ ئىجماسى بار.

پەيغەمبەرنى تىللىغان كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمىز، بەلكى كۆپلىگەن ئالىملار ئۇنداق كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈش دۇرۇس بولىدىغان كاپىر ئىكەنلىكىگە ئىجمانى نەقىل قىلغان». [1]

**ساھابىلەرنى تىللاش ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغان ھالەتلىرى**

ساھابىلەرنى تىللاش ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىرقانچە تۈرلۈك بولۇپ، شۇ تۈرلەرنىڭ ئىچىدە كاپىر ۋە مۇرتەد بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىجماغا

[1] «الشفا» 2- توم 214- ۋە 215- بەتلەر.

كېلىنگەن ھالەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

• ساھابىلەرنى ئومۇمىي ھالەتتە مەسخىرە قىلىش، تىللاش، ئۇلارغا نىفاق ۋە مۇرتەدلىك بىلەن تۆھمەت قىلىش. ئىبنى ھەزىم، قازى ئەبۇ يەئلا، ئىبنى كەسىر، ئىبنى تەيمىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالىملار مۇشۇ تۈردىكى مەسخىرە قىلىش دائىرىسىگە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىجمانى نەقىل قىلغان. چۈنكى، ساھابىلەرنى تىللىغان ۋە مەسخىرە قىلغان كىشىلەر سۆزلىرىنى بارلىق ساھابىلەرگە قاراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ساھابىلەرنىڭ شەخسىيىتىنى تىللاش ۋە مەسخىرە قىلىش بولماستىن، بەلكى ساھابىلەرنىڭ دىنىنى ۋە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بولغان سۆھبىتىنى مەسخىرە قىلغانلىقتۇر.

• ساھابىلەر ئىچىدىكى مۇئەييەن بىرەر ساھابىنىڭ دىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بولغان سۆھبىتىنى مەسخىرە قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ساھابىلەر ئەخلاق ۋە يارىتىلىشتا پەرقلىقتۇر. مۇئەييەن بىرەر ساھابىنىڭ دىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بولغان سۆھبىتىنى مەسخىرە قىلماستىن، ئۇ ساھابىنى قورقۇنچاق، بېخىل ۋە ياكى ئىلىمسىز دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن مەسخىرە قىلغان بولسا، ئۇنداق كىشى پاسىق دېيىلىدۇ ۋە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن جازالىنىدۇ.

**ئىلىم ئەھلى ۋە سالىھ كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ ھالەتلىرى**

ئىلىم ئەھلى ۋە سالىھ كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

• بىرىنچى، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ياكى كىشىلىك ئەخلاقىنى مەسخىرە قىلىش. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ھارامدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِنْ نِسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ**

**الظَّالِمُونَ﴾** «ئى مۆئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (الله نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (الله نىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر»[1].

الله تائالا كىشىلەرنى بىر-بىرىنى مەسخىرە قىلىشتىن توسقان. مەسخىرە قىلىش — باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە ئەيىبلەشتۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈشتۇر»[2]. دېمەك، ئىلىم ئەھلى ۋە سالىھ كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە مەسخىرە قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى، تۆۋەن كۆرۈلگەن ۋە مەسخىرە قىلىنغان كىشى الله نىڭ نەزىرىدە مەسخىرە قىلغان كىشىدىن ياخشى ۋە پەزىلەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

• ئىككىنچى، ئىلىم ئەھلىنى ئىلىملىك بولغانلىقى، سالىھ كىشىلەرنى سالىھ بولغانلىقى ئۈچۈن مەسخىرە قىلىش. بۇنداق قىلىش كۇفۇرلۇق ۋە مۇرتەدلىكتۇر. الله تائالا مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قَالَ اخْسَئُوا فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ۞ إِنَّهُ كَانَ فَرِيقٌ مِنْ عِبَادِي يَقُولُونَ رَبَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ۞ فَاتَّخَذْتُمُوهُمْ سِخْرِيًّا حَتَّى أَنْسَوْكُمْ ذِكْرِي وَكُنْتُمْ مِنْهُمْ تَضْحَكُونَ۞**﴾ «الله ئېيتىدۇ: <جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار،

[1] سۇرە ھۇجۇرات 11- ئايەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

(ئۇستۇڭلاردىن ئازابىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار> [108]. شۇبھىسىزكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر[1] <رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن> دەيتتى [109]. ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلار، ھەتتا ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇلدۇردى (يەنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ماڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۇنتۇدۇڭلار)، سىلەر ئۇلاردىن كۈلەتتىڭلار [110]»[2].

❁ ❁ ❁

[1] ئۇلار بىلال، خەبباب، سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنى ئەبۇجەھل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مەسخىرە قىلاتتى.

[2] سۈرە مۇئمىنۇن 108 ـ ئايەتتىن 110 ـ ئايەتكىچە.

# ئىسلامنى بۇزىدىغان يەتتىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [كىمكى ئۆچ قىلىش (يەنى ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايالنى ئېرىدىن سوۋۇتۇپ ئېرىنى ئۆچ كۆرسىتىش، ئايالنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرنى ئايالىدىن سوۋۇتۇپ ئايالنى ئۆچ كۆرسىتىش) ئۇچۇن ياكى ئامراق قىلىش (سېھىر قىلىش ئارقىلىق ئايالنى ئەرگە، ئەرنى ئايالغا ياخشى كۆرسىتىش) ئۇچۇن سېھىر قىلسا ياكى شۇنى قىلىشقا رازى بولسا، ئۇ كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولَا إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلَا تَكْفُرْ﴾ «(بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز كاپىر بولمىغىن، دېمىگۈچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى»][1].

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

❖ **سېھىر ئۇقۇمى ۋە سېھىرنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقى**

**سېھىر ئۇقۇمى**

«السحر» «سېھىر» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا سەۋەبى مەخپىي بولغان سىرلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كېچىنىڭ ئاخىرى «السحر» «سەھەر» دېيىلىدۇ، چۈنكى سەھەردە قىلىنغان ئىشلار مەخپىي بولىدۇ. «سېھىر» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىمال مەنىسى شۇكى، سېھىرگەرنىڭ سېھىر قىلماقچى بولغان كىشىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ، چىگىكلەرنى چىگىپ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدۇر.

**سېھىرنىڭ تەسىرى بارلىقى**

سېھىرنىڭ قەلب، ئىرادە، ئەقىل ۋە بەدەنگە تەسىرى بولىدۇ. مەسىلەن، كېسەل بولۇپ قېلىش، ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى ۋە ياكى

---

[1] سۈرە بەقەرە 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ساراڭ بولۇپ قېلىشى دېگەنگە ئوخشاش. «سېھىر ھەققىدە ئېنىق بىر تونۇشتۇرۇش ياكى ئېنىقلىما بارمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئىمام شەنقىتى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىلىشىڭىز كېرەككى، سېھىرنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، سېھىر دائىرىسىگە كىرىدىغان بارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سېھىر دائىرىسىگە كىرمەيدىغان تۈرلەرنى چەكلەيدىغان ئامباب بىر ئېنىقلىما يوق. شۇ سەۋەبتىن، ئالىملارنىڭ سېھىر توغرىسىدىكى سۆز-ئىباربلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە پەرقلىق بولغان».[1]

كۆپچىلىك ئالىملار سېھىرنىڭ تەسىرى بار دېگەن قاراشتا بولۇپ، بۇ قاراش ـــ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ قارىشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ﴾ «تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن (الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن) دېگىن»[2]. بۇ ئايەتتىن سېھىرنىڭ تەسىرى بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئەگەر سېھىرنىڭ تەسىرى بولمىغان بولسا ئىدى، الله تائالا سېھىردىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇمىغان بولاتتى.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُمْ بِضَارِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ﴾ «ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) الله نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى»[3]. بۇ ئايەت ھەم سېھىرنىڭ تەسىرى بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ، چۈنكى سېھىر ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ سېھىرلىنىپ قېلىپ، قىلمىغان ئىشنىمۇ قىلغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ

[1] «أضواء البيان» 4- توم 555- بەت.
[2] سۈرە فەلەق 4- ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قالدى. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ قېشىمدا ئىدى، اللە تائالاغا ئارقا-ئارقىدىن دۇئا قىلدى. ئاندىن ماڭا:

— تۇيدۇڭمۇ؟ اللە تىلىگەن نەرسەم توغرۇلۇق مەلۇمات بەردى — دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە توغرۇلۇق؟ — دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى:

— يېنىمغا ئىككى كىشى كەلدى. بىرى باش تەرىپىمدە، يەنە بىرى ئاياغ تەرىپىمدە ئولتۇرۇپ، بىر-بىرىگە مۇنداق دېيىشتى:

— بۇ ئادەمگە نېمە بوپتۇ؟

— سېھىرلىنىپتۇ.

— كىم سېھىرلەپتۇ؟

— بەنى زۇرەيق قەبىلىسىدىن لۇبەيد ئىبنى ئەئسەم ئىسىملىك بىر يەھۇدىي.

— نېمە بىلەن سېھىرلەپتۇ؟

— تارغاقتا ئىلىنىپ قالغان چاچ بىلەن ئەركەك خورما چېچىكىنىڭ بەرگىگە.

— سېھىرلەنگەن نەرسە ھازىر قەيەردە؟

— زەرۋان قۇدۇقىدا.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ بىرقانچە ساھابىسى بىلەن ئۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا باردى. قارىسا، قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا خورمىلىق دەرەخلەر بار ئىكەن. ئاندىن يېنىمغا قايتىپ كېلىپ:

— ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى خۇددى خېنە چىلىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. خورما دەرەخلىرىمۇ خۇددى ئالۋاستىلارنىڭ كاللىسىغىلا ئوخشايدىكەن — دېدى. مەن:

— سېھىرنى قۇدۇقتىن ئېلىۋەتكەن بولساڭچۇ؟ — دېسەم:

ــ كېرىكى يوق، چۈنكى الله ماڭا شىپالىق بەردى. ئۇ نەرسىنىڭ خەلققە زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلدىم ــ دېدى. ئاندىن ئۇ قۇدۇق توپا بىلەن تىنىدۇرۇۋېتىلدى»‏.[1]

مۇئتەزىلىلەر سېھىرنىڭ تەسىرى يوق دەپ قارايدۇ. ئۇلار الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿فَإِذَا حِبَالُهُمْ وَعِصِيُّهُمْ يُخَيَّلُ إِلَيْهِ مِنْ سِحْرِهِمْ أَنَّهَا تَسْعَى﴾ «(ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھىرىدىن (يەنى سېھىرنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى»[2]. بۇ ئايەتتە «تۇيۇلدى» دېيىلگەن، شۇڭلاشقا سېھىر پەقەت بىر نەرسىنى ۋەھىمە قىلىش ۋە خىيال قىلدۇرۇش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد ئەمەس.

يۇقىرىقى قاراشلار ئىچىدە «سېھىرنىڭ تەسىرى بار» دېگەن قاراش ئەڭ توغرا قاراش بولۇپ، بۇ بولسا ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ سۆزىدۇر. ئىبنى جەۋزى بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «سېھىرنىڭ تەسىرى يوق دېگەن قاراش ــ ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن توغرا يول بىلەن ئىسپاتلانغان ئەسەرلەرگە ھەمدە فىقھشۇناس، تەپسىرشۇناس ۋە ھەدىسشۇناس ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن سۆزلىرىگە زىت قاراشتۇر. چۈنكى، سېھىرنىڭ كېسەل قىلىش، ياخشى كۆرستىش ۋە ئۆچ كۆرستىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئەسەرلەر مەۋجۇد بولۇپ، ئۇ كۆپچىلىك كىشىلەرگە مەلۇمدۇر»‏.[3]

### ❖ سېھىرنىڭ شېرىك دائىرىسىگە كىرىپ كېتىش سەۋەبى

سېھىر تۆۋەندىكىدەك ئىككى نوقتىدىن شېرىك دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ:

• بىرىنچى، سېھىردە جىن-شەيتانلار ئىشقا سېلىنىدۇ، جىن-

---

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] سۈرە تاھا 66- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] «بدائع الفوائد» 746- بەت.

شەيتانلارنىڭ تاللىشى ۋە خالىشى ئاستىدا ئۇلارغا يېقىنلىشىلىدۇ. شۇنداقلا، سېھىر — شەيتانىنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَكِنَّ الشَّيَاطِينَ كَفَرُوا يُعَلِّمُونَ النَّاسَ السِّحْرَ وَمَا أُنْزِلَ عَلَى الْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَارُوتَ وَمَارُوتَ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولَا إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلَا تَكْفُرْ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُمْ بِضَارِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ﴾ «سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت-مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز كاپىر بولمىغىن، دېمىگۈچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) الله نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى»[1].

• ئىككىنچى، سېھىرگەر غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ الله تائالاغىلا خاس بولغان سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. الله تائالاغا خاس بولغان سۈپەتلەرنىڭ ئۆزىدىمۇ بار ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىش كۇفۇرلۇقتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَا يَعْلَمُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ﴾ «الله تىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ».[2]

### ❖ سېھىرگەرنىڭ ھۆكمى

سېھىر قىلغان كىشى كاپىر بولامدۇ ياكى كاپىر بولمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىسلام ئالىملىرى ئىككى خىل قاراشتا بولغان بولۇپ، بىرىنچى خىل قاراشتىكى ئالىملار سېھىر قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ —

---

[1] سۈرە بەقەرە 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نەمل 65- ئايەت.

ئىمام ئەھمەدنىڭ شاگىرتلىرى، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەدىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ سۆزىمۇ مۇشۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاتَّبَعُوا مَا تَتْلُو الشَّيَاطِينُ عَلَى مُلْكِ سُلَيْمَانَ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَكِنَّ الشَّيَاطِينَ كَفَرُوا يُعَلِّمُونَ النَّاسَ السِّحْرَ وَمَا أُنْزِلَ عَلَى الْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَارُوتَ وَمَارُوتَ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولَا إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلَا تَكْفُرْ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُمْ بِضَارِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ**﴾ «ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىكىگە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت-مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز كاپىر بولمىغىن، دېمىگۈچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) الله نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى»[①].

ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «سېھىر ئۆگەنگەن كىشىدىن سېھىرنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى دەپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ سېھىرنى ئۆگەنگەن چاغدا بابىللىقلار يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق سېھىر قىلغىنىغا ئوخشاش شېرىك ۋە كۇفۇرلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سېھىرگەرلىكنى ئۆگەنگەنلىكىنى ئىقرار قىلسا ئۇنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىمىز؛ ئەگەر قىلغان ئىشى كۇفۇرلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسىمۇ، ئەمما

① سۈرە بەقەرە 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سېھىرنى مۇباھ دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشى يەنىلا كاپىردۇر: ئەگەر ئۇ ئۆگەنگەن سېھىر شېرىك ياكى كۇفۇرلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ۋە ياكى ئۇ كىشى سېھىر دۇرۇس دەپ ئېتىقاد قىلمىغان بولسا، ئۇ كىشى كاپىر بولمايدۇ» .[1]

ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سېھىر توغرىسىدىكى بايانلىرى كۆپ ۋە مەشھۇردۇر. ئىمام شەنقىتى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [بۇ مەسىلىدە تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ۋە تەپسىلىي قاراش كېرەك. ئەگەر سېھىر قىلىش يۇلتۇزلار، جىنلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش، الله تىن باشقىنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە كۇفرىغا ۋاستە بولىدىغان نەرسىلەر بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ كۇفۇرلۇق ئىكەنلىكىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. مۇشۇ تۈردىكى سېھىر — «سۈرە بەقەرە»دە سۆزلەنگەن ھارۇت ۋە مارۇتنىڭ سېھىرلىرىدىن بولۇپ، بۇ بولسا ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق بولغان كۇفۇرلۇقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاتَّبَعُوا مَا تَتْلُو الشَّيَاطِينُ عَلَى مُلْكِ سُلَيْمَانَ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَكِنَّ الشَّيَاطِينَ كَفَرُوا يُعَلِّمُونَ النَّاسَ السِّحْرَ وَمَا أُنْزِلَ عَلَى الْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَارُوتَ وَمَارُوتَ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولَا إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلَا تَكْفُرْ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُمْ بِضَارِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ**﴾ «ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىكىگە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت-مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز كاپىر بولمىغىن، دېمىگۈچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى)

---

[1] «اضواء البيان» 4- توم 468- بەت.

ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) اللہ نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى». [1]

ئەگەر قىلغان سېھىر كۇفۇرلۇققا ئېلىپ بارمايدىغان سېھىر بولسا، ئۇ كىشى ئېغىر ھارام ئىشنى قىلغان بولىدۇ، لېكىن كاپىر دېيىلمەيدۇ. مانا بۇ — ئالىملارنىڭ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنىڭ ئىخچام خۇلاسىسىدۇر]. [2]

❖ **سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمى**

ئالىملار «سېھىرگەر سېھىرنى ئىشلەتكەنلىك سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلەمدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلمەمدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) «سۈرە بەقەرە»نىڭ 102 ـ ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئىبنى ھۇبەيرە مۇنداق دېگەن: «<سېھىرگەر ئۆزىنىڭ قىلمىشى ۋە شۇ سېھىرنى ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟> دېگەن مەسىلىدە، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ئىمام شافىئىي ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. <ئەگەر سېھىرگەر سېھىر قىلىش ئارقىلىق بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرسە، ئۇ سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟> دېگەن مەسىلىدە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ قارايدۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئاشۇ قىلمىش شۇ كىشىدىن قايتا ـ قايتا سادىر بولمىغۇچە ياكى مەلۇم بىر كىشىگە سېھىر قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلمىغۇچە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئەگەر سېھىرگەر سېھىر قىلىش ئارقىلىق ئادەم

[1] سۈرە بەقەرە 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «أضواء البيان» 4 ـ توم 569 ـ بەت.

ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە، ئىمام شافىئىيدىن باشقا ئالىملارنىڭ قارىشىدا <ھەد> بىلەن (يەنى الله ۋاجىب قىلىپ بەلگىلىگەن جازا بىلەن) ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەمما ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ». [1]

❖ **سېھىرگەر تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ؟**

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [«بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئىمام مالىك، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ مەشھۇر قارىشىدا، سېھىرگەر (قولغا چۈشكەندىن كېيىن) تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ يەنە بىر خىل قارىشىدا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ قارىشىدا، ئەھلى كىتابتىن بولغان سېھىرگەر مۇسۇلمان سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلگەندەك ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەدلەر لۇبەيد ئىبنى ئەئسەمنىڭ قىسسىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئەھلى كىتابتىن بولغان سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دەپ قارايدۇ».

ئالىملار ئايال سېھىرگەر توغرىسىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە «ئايال سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، لېكىن سولاپ قويۇلىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد «ئايال سېھىرگەرگىمۇ ئەر سېھىرگەرگە ئوخشاش ھۆكۈم يۈرگۈزۈلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى زىممىي (ئىسلام دىيارلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئەمما مۇسۇلمانلارغا باج تۆلەپ ياشايدىغان كاپىرلار) توغرىسىدا ئىمام مالىك (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ئەگەر زىممىي سېھىر قىلىش ئارقىلىق بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرسە، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ».

---

[1] «تفسير ابن كثير» 1 ـ توم ـ 371 بەت.

ئىبنى خۇۋەيز مىنداد زىممىي سېھىرگەر توغرىسىدا ئىمام مالىكنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى خىل قارىشىنى نەقىل قىلغان: «بىرىنچى خىل قاراش، ئەگەر زىممىي سېھىرگەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولسا، تەۋبە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، مۇسۇلمان بولمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ؛ ئىككىنچى خىل قاراش، ئەگەر ئۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولسىمۇ يەنىلا ئۆلتۈرۈلىدۇ».

مۇسۇلمان سېھىرگەرگە كەلسەك، ئەگەر ئۇنىڭ قىلغان سېھرى كۇفرى سۆز ياكى كۇفرى ئەمەلنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، تۆت مەزھەب ئىماملىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالىملارنىڭ قارىشىدا، ئۇ كىشى كاپىر بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «سۈرە بەقەرە»نىڭ 102 ـ ئايىتى بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. لېكىن، ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا، «ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزى تەۋبە قىلىپ كېلىشتىن بۇرۇن تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ مۇناپىققا ئوخشايدۇ؛ ئەگەر ئۇ تۇتۇلۇپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۆزى تەۋبە قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇ كىشى سېھىر قىلىش سەۋەبلىك بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، يەنىلا ئۆلتۈرۈلىدۇ».

ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇ سېھىرگەر <سېھىر قىلىش ئارقىلىق بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىم يوق ئىدى> دېسە، ئۇ خاتالىشىپ قالغان ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا دىيەت تۆلەش ۋاجىب بولىدۇ»].[1]

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «سېھىر ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ھارامدۇر. ئەگەر سېھىر قىلغان كىشىنىڭ قىلمىشى كۇفۇرلۇققا ياتىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇ كىشى كاپىردۇر؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، كاپىر بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قىلمىشى كۇفۇرلۇققا ياتىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولسا، ھاكىم تەرەپتىن جازالىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن

[1] «تفسير ابن كثير» 1 ـ توم ـ 372 بەت.

تەۋبە تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇ كىشى بىزنىڭ قارىشىمىزدا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىمام مالىك (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: ‹سېھىر قىلغۇچى كاپىر بولۇپ، سېھىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن تەۋبە تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسىمۇ، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، بەلكى كەسكىن ئۆلتۈرۈلىدۇ›. بۇ مەسىلە زىندىقنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدىكى ئالىملارنىڭ كۆزقاراشلىرىغا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا، سېھىرگەر كاپىر بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزدا، مۇناپىق ۋە زىندىقنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ».[①]

«سېھىر قىلىش ئارقىلىق بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ياكى ئۆلتۈرمىگەن بولسۇن، سېھىرگەر ھەرقانداق ھالەتتە ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېگەن قاراشتىكى ئالىملار مۇنۇلارنى دەلىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سېھىرگەرنىڭ جازاسى ـــ بېشىغا قىلىچ ئۇرۇشتۇر». ھەدىسشۇناس ئالىملار بۇ ھەدىسنى «سەھىھ» ئەمەس دەپ قارىغان. دېمەك، سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پەيغەمبەر ﷺ دىن «سەھىھ» دەلىل كەلمىگەن، ئەمما ساھابىلەرنىڭ سېھىرگەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا «سەھىھ» ئەسەرلەر نەقىل قىلىنغان.

بەجالە ئىبنى ئەبدە مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە خەت يېزىپ ‹ھەرقانداق ئەر-ئايال سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار› دېگەنىدى، بىز ئۈچ نەپەر سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق».[②] نافىئ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا توغرىسىدىكى مۇنۇ ئەسەرنى نەقىل قىلغان: «ھەفسەنىڭ بىر دېدىكى بار بولۇپ، ئۇ دېدەك ھەفسەنى سېھىرلىگەن. ھەفسە دېدەكتىن سورىغاندا، ئۇ دېدەك سېھىر قىلغانلىقىنى

[①] «شرح صحيح مسلم» 14 ـ توم 176 ـ بەت.

[②] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ئىقرار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھەفسە ئۇ دېدەكنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ئەھۋال ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەندە ئۇ ناھايىتى غەزەپلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، دېدەكنىڭ ئۇنى سېھىرلىگەنلىكىنى، ئىقرار قىلغانلىقىنى ۋە سېھىرنى چىقارغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇنىڭ ئاچچىقى بېسىققان ۋە ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان بىر ئىش سەۋەبلىك ئۆلتۈرگەن ئوخشايدۇ دەپ غەزەپلەنگەنلىكىنى ئېيتقان». [1]

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ئەسەر نەقىل قىلىنغان. ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۈچ ساھابىدىن نەقىل قىلىنغان يۇقىرىقى ئەسەرنى «سەھىھ» دېگەن. بۇ ئەسەرلەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئۇنىڭ قىزى ھەفسە ۋە جۇندۇپتىن ئىبارەت ئۈچ ساھابىدىن نەقىل قىلىنغان بولۇپ، باشقا ساھابىلەر ئۇلارنىڭ كۆز-قاراشلىرىغا قارشى بىرەر دەلىلنى ئوتتۇرىغا قويمىغان ۋە ئىنكارمۇ قىلمىغان.

سېھىرگەردىن تەۋبە تەلەپ قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىسىدە ساھابىلەردىن نەقىل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ روشەن بولغىنى تەۋبە تەلەپ قىلماسلىقتۇر. چۈنكى، ساھابىلەردىن سېھىرگەردىن تەۋبە تەلەپ قىلغانلىق توغرىسىدا بىرەر دەلىل كەلمىگەن.

ئىمام شەنقىتى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى تەتقىقات يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى. سېھىر قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ كۇفۇرلۇق دەرىجىسىگە يېتىدىغىنى ۋە يەتمەيدىغىنى بار. ئەگەر سېھىر قىلغان كىشى كۇفۇرلۇق دەرىجىسىگە يېتىدىغان سېھىر بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ئۇ كىشى شەكسىز كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

---

[1] بەيھەقى توپلىغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: <كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار>.[1] ئەمما، شۇغۇللانغان سېھىرى كۇفۇرلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەن سېھىرگەر مەسىلىدە، ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىر قىسىم ئالىملار <سېھىرى كۇفۇرلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇ كىشى يەنىلا ئۆلتۈرۈلىدۇ> دېگەن قاراشتا بولغان. بۇ خىل قاراشتىكى ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى <ئەگەر سېھىر قىلىش ئارقىلىق بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ھەد بىلەن (يەنى الله ۋاجىب قىلىپ بەلگىلىگەن جازا بىلەن) ئۆلتۈرۈلىدۇ> دەپ قارىغان. لېكىن ئىمام شافىئىي <ھەد بىلەن ئەمەس، بەلكى قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ> دەپ قارىغان.

مېنىڭ (شەنقىتى) نەزىرىمدە كۈچلۈكرەك بولغان قاراش — سېھىرگەرنىڭ قىلمىشى كۇفۇرلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ۋە سېھىر قىلىش ئارقىلىق بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دېگەن قاراشتۇر. چۈنكى، ئومۇمىي ھالەتتە مۇسۇلماننىڭ قېنىنى ساقلاش ھەققىدە ئوچۇق ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن ھەمدە ئىجما نەقىل قىلىنغان. سېھىر بىلەن شۇغۇللانغان، ئەمما ئۇنىڭ ئەمىلى كۇفۇرلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەن كىشىنى ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئوچۇق دەلىل كەلمىگەن. لېكىن <سېھىرگەرنى ھەرقانداق ھالەتتە ئۆلتۈرىمىز> دېگۈچىلەر ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتىنى دەلىل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ كۈچلۈك قاراشتۇر.

سېھىرگەردىن تەۋبە تەلەپ قىلىش توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئىككى خىل قارىشى بولۇپ، مەن كۈچلۈك دەپ ئېتىبارغا ئالىدىغان قاراش تەۋبە تەلەپ قىلىشتۇر. ئەگەر تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. <ئايال سېھىرگەرنىڭ ھۆكمى ئەر سېھىرگەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشامدۇ؟> دېگەن

[1] بۇخارى توپلىغان.

مەسىلىدە ئالىملارنىڭ ئىككى خىل قارىشى بولۇپ، مېنىڭ قارىشىمدا كۈچلۈكرەك بولغان قاراش — ئايالنىڭ ھۆكمى ئەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئايەت ۋە ھەدىستىكى <من> دېگەن سۆز ئەر ۋە ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ».[1]

سۇلايمان ئىبنى ناسىر ئۇلۋان مۇنداق دېگەن: «سېھىرگەر توغرىسىدىكى كۈچلۈك قاراش شۇكى، ھەر ئىككىلا ھالەتتە ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋاجىب. چۈنكى، ئۇ زېمىندا پاساتچىلىق تېرىيدۇ ۋە ئەر ـ ئايالنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىيدۇ. ئۇنىڭ زېمىندا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى شەخس ۋە جەمئىيەتكە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق پاساتچىلىق مەنبەسى يوقىتىلىدۇ ۋە شەھەرلەر سېھىرگەرلەرنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىدىن ئەمىن بولىدۇ».[2]

ئابدۇلئەزىز تەرىفى (الله ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزسۇن!) مۇنداق دېگەن: «ئالىملارنىڭ سېھىرگەرنى كاپىر دېيىش ياكى كاپىر دېمەسلىك توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ئاساسەن، سېھىرگەرنىڭ سېھىرسى كۇفۇرلۇق دەرىجىسىگە يېتىدىغان بولسا، ئۇ مۇرتەد دەپ قارىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ سېھىرسى كۇفۇرلۇق دەرىجىسىگە يەتمىسە، ئۇنىڭ زىيىنى ۋە يامانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن يەنىلا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھايات قالدۇرۇلغان ۋاقىتتا كېلىپ چىقىدىغان زىيانغا قاراشلىق بولىدۇ. سېھىرگەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولۇش ياكى بولماسلىق توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئوخشىمىغان قاراشلىرى بولۇپ، كۈچلۈك قاراش — تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىدۇر».[3]

### ❖ سېھىرنى ئىشلەتمەستىن ئۆگىنىشنىڭ ئۆزىلا دۇرۇسمۇ؟

بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار بولۇپ، كۈچلۈك بولغان قاراش — كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى،

---

[1] «أضواء البيان» 4 ـ توم 554 ـ بەتتىن 576 ـ بەتكىچە قىسقارتىپ ئېلىندى.

[2] «التبيان شرح نواقض الاسلام» 45 ـ بەت.

[3] «ألإعلام بتوضيح نواقض الإسلام » 59 ـ ۋە 61 ـ بەتلەر.

سېھىرنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، بەلكى ئۇ زىيانلىقتۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاتَّبَعُوا مَا تَتْلُو الشَّيَاطِينُ عَلَى مُلْكِ سُلَيْمَانَ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَكِنَّ الشَّيَاطِينَ كَفَرُوا يُعَلِّمُونَ النَّاسَ السِّحْرَ وَمَا أُنْزِلَ عَلَى الْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَارُوتَ وَمَارُوتَ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولَا إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلَا تَكْفُرْ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُمْ بِضَارِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ﴾ «ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىكىگە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت-مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز كاپىر بولمىغىن، دېمىگۈچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) اللّٰه نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى».[1]

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە سېھىرنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، بەلكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. شۇنداق بولغانىكەن، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنىش قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن؟! سېھىرنى ئۆگىنىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇشۇ ھەقتە ئىمام رازىغا رەددىيە بەرگەن. سېھىر ئۆگىنىشنى دۇرۇس دەپ قارىغان ئالىملار پەقەتلا سېھىرنىڭ كۇفۇرلۇق بولىدىغان تەرىپى بىلەن كۇفۇرلۇق بولمايدىغان تەرىپىنى پەرقلەندۇرۇش ياكى سېھىرلىنىپ قالغان كىشىنى سېھىردىن يېشىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىش دۇرۇس دەپ قارىغان. «سېھىر ئۆگىنىش ھەرقانداق ھالەتتە دۇرۇس ئەمەس» دەپ قارىغان ئالىملارنىڭ قارىشى توغرا قاراشتۇر.

[1] سۈرە بەقەرە 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چۈنكى، الله سېھىرنىڭ پايدىسى بولماستىن بەلكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. سېھىر ئۆگىنىش بەزىدە شۇ سېھىرنى ئىشلىتىشكە ۋاستە بولۇپ قالىدۇ. ھارامغا ۋاستە بولغان نەرسىنىڭ ئۆزى ھەم ھارامدۇر.

❖ **سېھىرلەنگەن كىشىنى سېھىردىن يېشىش توغرىسىدا**

ئالىملار بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك ھەرخىل قاراشلاردا بولغان:

سېھىرنى يېشىش يوللىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولسا دۇرۇس، ئەگەر ئۇيغۇن بولمىسا چەكلىنىدۇ. ئىبنى قەييىم جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) «إعلام الموقعين» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «سېھىرلەنگۈچىدىن سېھىرنى يېشىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى تۈر، سېھىرنى ئۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن يېشىش بولۇپ، بۇ ــ شەيتانىنىڭ ئەمىلىدۇر. ھەسەن بەسرىنىڭ <سېھىرنى پەقەت سېھىر قىلغان كىشى يېشىدۇ> دېگەن سۆزى مۇشۇ بىرىنچى تۈرگە قارىتىلغان. دېمەك، سېھىر قىلغۇچى ۋە سېھىر قىلىنغۇچى شەيتان ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر بىلەن شەيتانغا يېقىنلىشىدۇ-دە، نەتىجىدە شەيتان سېھىر قىلىنغۇچىدىن سېھىرنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىدۇ. ئىككىنچى تۈر، رۇقىيە ۋە مۇئەۋۋىزاتلار (شۇ ھەقتىكى پاناھلىق تىلەش ئايەتلىرى) ئوقۇش، دورىلار ۋە مۇباھ بولغان دۇئالار بىلەن يېشىش بولۇپ، بۇ دۇرۇستۇر».

ئىمام بۇخارى (رەھىمەھۇللاھ) قەتادىنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، قەتادە مۇنداق دېگەن: «ئىبنى مۇسەييەبتىن: <سېھىرلىنىپ قالغان ياكى ئايالىنى ئۆچ كۆرۈپ قالغان بىر كىشى بولسا، ئۇنىڭدىن سېھىرنى يەشسە بولامدۇ؟> دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ: <سېھىرنى يەشسە بولىدۇ، ئۇ ئارقىلىق ياخشىلىق مەقسەت قىلىنىدۇ، پايدىلىق نەرسە چەكلەنمەيدۇ> دەپ جاۋاب بەردى». بۇ ئەسەر شەرىئەتتە چەكلەنمىگەن نەرسىلەر ئارقىلىق سېھىرنى يېشىش تۈرگە قارىتىلىدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن «النشرة» (يەنى سېھىرلەنگەن كىشىدىن سېھىرنى يېشىشنىڭ بىر خىل شەكلىدىن)

سورالغاندا، «ئۇ شەيتاننىڭ ئەمەلىدۇر» دېگەن.[1]

كاھىنلار، پالچىلار ۋە مۇنەججىملەر (يۇلتۇزغا قاراپ پال ئالىدىغانلار)نىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلاردىن بىرەر نەرسە سوراش ناھايىتى ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ئۇنداق كىشىنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى ئاياللىرىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «پالچىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىرنەرسە سورىغان كىشىنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ».[2]

پالچىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلاردىن بىرەر نەرسە سوراپ، ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى تەستىقلىغان كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە نازىل قىلىنغان شەرىئەتكە كاپىر بولغان بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پالچى ياكى كاھىننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى سوراپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغان كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە نازىل قىلىنغان شەرىئەتكە كاپىر بولغان بولىدۇ».[3]

سېھىرنىڭ ئىچىدە بەدەن، قەلب ۋە كۆزلەرگە ھەقىقەتەن تەسىر كۆرسىتىدىغانلىرى بار. ھەتتا بەزىدە بىر نەرسىنى دەل ئەكسىچە كۆرسىتىش ئارقىلىق خىيال قىلدۇرىدۇ.

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ھاكىم توپلىغان ۋە ئىسنادى «سەھىھ» دېگەن.

## ئىسلامنى بۇزىدىغان سەككىزىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلار بىلەن ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش كۇفۇرلۇقتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ»]①.

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

❖ **مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلار بىلەن ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش**

كىمكى مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلار بىلەن ياردەملەشسە ۋە ھەمكارلاشسا الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ھەمدە مۇئمىنلەرگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ، الله نىڭ ئازابىغا لايىق بولىدۇ.

الله تائالا مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەن كىشىلەرنى مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَشِّرِ الْمُنَافِقِينَ بِأَنَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا۝ الَّذِينَ يَتَّخِذُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ أَيَبْتَغُونَ عِنْدَهُمُ الْعِزَّةَ فَإِنَّ الْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا۝﴾ «(ئى مۇھەممەد!) مۇناپىقلارغا بېشارەت بەرگىنكى، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [138]. ئۇلار مۇئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟ (يەنى كۇففارلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى الله قا خاستۇر [139]» ②.

الله تائالا مۇشرىكلارنى دوست تۇتقان كىشىلەرنى مۇشرىكلارغا ئوخشاش دەپ

① سۈرە مائىدە 51ـ ئايەت.

② سۈرە نىسا 138ـ، 139ـ ئايەتلەر.

ھۆكۈم قىلغان. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾** «ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، اللہ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ»[1].

مۇشرىكلارنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دوست تۇتۇش بولسۇن، راست ياكى يالغان دوست تۇتۇش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا چەكلىنىدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ نَافَقُوا يَقُولُونَ لِإِخْوَانِهِمُ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَئِنْ أُخْرِجْتُمْ لَنَخْرُجَنَّ مَعَكُمْ وَلَا نُطِيعُ فِيكُمْ أَحَدًا أَبَدًا وَإِنْ قُوتِلْتُمْ لَنَنْصُرَنَّكُمْ وَاللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ﴾** «مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) ئىنكار قىلغان ئەھلى كىتاب بۇرادەرلىرىگە: <يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىرگە چىقىپ كېتىمىز، ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز، سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز> دېيىشكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ اللہ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر»[2].

اللہ تائالا كىشىلەرنىڭ مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇشتىكى دۇنيالىق مەنپەئەت، مۇشرىكلاردىن قورقۇش، ئۇلار بىلەن ئەپ ئۆتۈش، ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش، ئېغىرچىلىق كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇش، جان ۋە مالنى ساقلاش دېگەنگە ئوخشىغان ئۆزرىلىرىنى مۇنۇ ئايەتتە ئىنكار قىلغان: **﴿فَتَرَى الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ يُسَارِعُونَ فِيهِمْ يَقُولُونَ نَخْشَى أَنْ تُصِيبَنَا دَائِرَةٌ فَعَسَى اللَّهُ أَنْ يَأْتِيَ بِالْفَتْحِ أَوْ أَمْرٍ مِنْ عِنْدِهِ فَيُصْبِحُوا عَلَى مَا أَسَرُّوا فِي أَنْفُسِهِمْ نَادِمِينَ﴾** «دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن

[1] سۈرە مائىدە 51- ئايەت.

[2] سۈرە ھەشر 11- ئايەت.

قورقمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن، الله (رەسۇلۇللاھقا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىشنى) ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ-دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (يەنى مۇئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ»①.

مۇشرىكلار مەيلى ئۇرۇق-تۇغقان بولسۇن، ياكى يات كىشىلەر بولسۇن، ئەھلى كىتاب ياكى مۇرتەدلەر بولسۇن ۋە ياكى ئۇلاردىن باشقا كاپىرلار بولسۇن، الله تائالا ئۇلارنى دوست تۇتۇشتىن چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءَهُمْ أَوْ أَبْنَاءَهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ أُولَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُمْ بِرُوحٍ مِنْهُ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ أُولَئِكَ حِزْبُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى — ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ — دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىمانىنى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، الله تىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار الله نىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، الله نىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»②.

الله تائالا كاپىر ۋە مۇشرىكلارنى دوست تۇتقان كىشىلەردىن ئادا-جۇدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ

① سۈرە مائىدە 52- ئايەت.

② سۈرە مۇجادەلە 22- ئايەت.

**الْمُؤْمِنِينَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَلَيْسَ مِنَ اللَّهِ فِي شَيْءٍ إِلَّا أَنْ تَتَّقُوا مِنْهُمْ تُقَاةً وَيُحَذِّرُكُمُ اللَّهُ نَفْسَهُ وَإِلَى اللَّهِ الْمَصِيرُ﴾** «مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر»[①].

الله تائالا ھىدايەت ئوچۇق ئاشكارا بولغاندىن كېيىن كاپىرلارنى دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ مۇرتەد بولغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿إِنَّ الَّذِينَ ارْتَدُّوا عَلَى أَدْبَارِهِمْ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْهُدَى الشَّيْطَانُ سَوَّلَ لَهُمْ وَأَمْلَى لَهُمْ۞ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا لِلَّذِينَ كَرِهُوا مَا نَزَّلَ اللَّهُ سَنُطِيعُكُمْ فِي بَعْضِ الْأَمْرِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ إِسْرَارَهُمْ۞﴾** «توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتىۋالغانلار (يەنى ئىماندىن كۇفرىغا قايتقانلار)غا (ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى، (شەيتان ئارزۇ ۋە ئەجەلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى [25]. بۇ (يەنى شەيتاننىڭ ئۇلارنى ئازدۇرۇشى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار الله نازىل قىلغان نەرسىنى يامان كۆرگەن كاپىرلارغا: <بىز بەزى ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز> دېدى، الله ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىدۇ [26]»[②].

كاپىر ۋە مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇشنى چەكلەش توغرىسىدىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتلەر بىلەن كۇپايىلىنىمىز. مۇشۇ توغرىسىدىكى ھەدىسلەرمۇ ناھايىتى كۆپتۇر. شەرىئەتنى يولغا قويغان يېگانە زات دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. چۈنكى، كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ، مۇئمىنلەرنى دۈشمەن تۇتقاندا دىن كەمتۈك بولىدۇ ياكى بۇزۇلىدۇ.

شەيخ ھەمەد ئىبنى ئەتىق (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كاپىر ۋە

---

① سۈرە ئال ئىمران 28- ئايەت.

② سۈرە مۇھەممەد 25-، 26- ئايەتلەر.

مۇشرىكلارنى دۈشمەن تۇتۇش مەسىلىسىدە شۇنى ئېنىق بىلىشىڭىز كېرەككى، الله تائالا كاپىر ۋە مۇشرىكلارنى دۈشمەن تۇتۇشنى ۋاجىب قىلغان ۋە بۇ ۋاجىبنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن؛ كاپىر ۋە مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇشنى هارام قىلغان ۋە دوست تۇتۇشنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. الله نىڭ كىتابىدا تەۋھىدنىڭ ۋاجىب، شېرىكنىڭ هارام ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇش توغرىسىدىكى دەلىللەردەك كۆپ دەلىل كەلتۈرۈلگەن ۋە ئوچۇق بايان قىلىنغان بىرەر هۆكۈم يوق».[1]

كاپىر ۋە مۇشرىكلارنى دۈشمەن تۇتۇش مەسىلىسىدە بىلىمسىزلىك ۋە سەل قاراش ئومۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنداق ئومۇملىشىش ــ هاۋايى ـ هەۋەس ۋە دۇنيا لەززەتلىرىگە بېرىلىپ كەتكەن هەمدە هوقۇق ـ مەنسەپكە ئىنتىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشى ۋە مۇئمىنلەرنى دۈشمەن تۇتۇشىغا باهانە بولدى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ مەسىلە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

ئىبنى قەييىم جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [الله تائالا يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتقان كىشىلەرنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن دەپ هۆكۈم قىلغان بولۇپ، الله تائالانىڭ هۆكمىدىنمۇ ئادىل بىر هۆكۈم يوق. الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى هەقىقەتەن هىدايەت قىلمايدۇ»[2]. كاپىر ۋە مۇشرىكلارنى دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولىدىغانلىقى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن

[1] «سبيل النجاة» 31ـ بەت.

[2] سۈرە مائىدە 51ـ ئايەت.

ئىسپاتلانلغانلىقى ئۈچۈن، كاپىر ۋە مۇشرىكلارنى دوست تۇتقان كىشىلەرگە شۇلارنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ].①

ئىبنى ھەزىم مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ ﴿وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ﴾ >سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ< دېگەن ئايىتىنىڭ زاھىرىدىن، كاپىرلارنى دوست تۇتقان كىشىنىڭ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولىدىغانلىقى ئېنىق ئاشكارا بولىدۇ. بۇ بولسا ھەق سۆز بولۇپ، بۇنىڭدا ئىككى مۇسۇلمان ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ».②

ئىمام قۇرتۇبى (رەھىمەھۇللاھ) الله تائالانىڭ ﴿وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ﴾ «سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ» دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئايەتنىڭ مەنىسى — مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلارنى كۈچلەندۈرگەن كىشى مۇشرىكلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ مۇشرىكلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. مۇشۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن، مۇسۇلماننىڭ مۇرتەدتىن مىراس ئېلىشى چەكلىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي (مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى) مۇشرىكلارنى دوست تۇتاتتى. كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن چەكلەش ھەققىدىكى ھۆكۈم قىيامەت كۈنىگە قەدەر قېلىپ قالىدۇ».③

كاپىرلارنى دوست تۇتقان ۋە مۇئمىنلەرگە قارشى ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقان «مۇسۇلمان»نىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، تەۋھىدنىڭ پايدىسى كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ئارقىلىق ئۇممەتكە كېلىدىغان پايدىدىن كاتتىدۇر، شېرىكنىڭ زىيىنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ئارقىلىق ئۇممەتتىن چېكىندۇرۇلىدىغان زىياندىن ئېغىردۇر. مال-دۇنيا، ئەمەل-مەنسەپ ۋە ياكى

① «أحكام أهل الذمة» 1- توم -67 بەت.
② «المحلى» 12- توم 33- بەت.
③ «تفسير القرطبي» 8- توم 47- بەت.

ھاياتىي دۇنيادىكى بىرەر نەرسىنى ئۈمىد قىلىش سەۋەبلىك مۇئمىنلەرگە قارشى كاپىرلارغا ياردەم بېرىش ھالال بولمايدۇ، ھەتتا جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ھالال بولمايدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، كاپىرلارغا ياردەم بېرىش ــ كۇفۇرلۇق ۋە دىندىن قايتىپ مۇرتەد بولۇشتۇر. قانداقلا ئۇسۇل بىلەن بولمىسۇن، ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلار ۋە ياكى ئۇلاردىن باشقا كاپىرلارغا مۇئمىنلەرگە قارشى ياردەم بەرگەن ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقان كىشىنىڭ خۇددى شۇ كاپىرلارغا ئوخشاش كاپىر بولىدىغانلىقىغا ئىلىم ئەھلىلىرى ئىجماغا كەلگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ»[1].

الله ئۈچۈن دوستلىشىش ۋە الله ئۈچۈن دۈشمەنلىشىش ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقۇلىرىدىن بولۇپ، الله تائالا مۇشۇ بۈيۈك ئاساسنى قوغداش ئۈچۈن قەلبتە ياخشى كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ سىرتقى كۆرۈنۈشتە كاپىرلارغا ئوخشىۋېلىشنى ھارام قىلغان. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇ قەۋمنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ»[2]. ئەمما، كۇفرى دىيارىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان كىشى سىرتقى قىياپەتتە كاپىرلاغا ئوخشاش يۈرمىسە ئۆزىگە زىيان يېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا، بۇنداق ھالەتتە سىرتقى پاسۇندا كاپىرلارغا ئوخشاپ قېلىشى دۇرۇس بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارنى ئاجىز ۋە ياردەم

[1] سۈرە مائىدە 51ـ ئايەت.
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان.

بەرگۈچىلەر يوق ھالەتتە كاپىرلارغا ئوخشىماس پاسوندا يۇرۇشكە بۇيرۇمىغان، بەلكى ئىسلام غەلىبە قىلغان ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كۈچەيگەندىن كېيىن كاپىرلارغا ئوخشىماس پاسوندا يۇرگەن.

**مۇشرىكلارغا مۇۋاپىقلاشقانلىقنىڭ ھالەتلىرى**

شەيخ ھەمەد ئىبنى ئەتىق (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [بىلگىنكى، مۇشرىكلارغا مۇۋاپىقلاشقانلىقنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۈچ خىل ھالەت بار.

• بىرىنچى خىل ھالەت، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە ئۇلارغا مۇۋاپىقلاشقان كىشى. يەنى ئاشكارا ھالەتتە ئۇلارغا بويسۇنغان، يوشۇرۇن ھالەتتە ئۇلارغا مايىل بولغان ۋە ئۇلارنى دوست تۇتقان كىشى بولۇپ، ئۇ كىشى مەيلى مەجبۇرلانسۇن ياكى مەجبۇرلانمىسۇن، ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەن كاپىردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْرًا فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ــ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ، مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقنى بىلدۇرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ــ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ»[1].

• ئىككىنچى خىل ھالەت، ئاشكارا ھالەتتە ئۇلار بىلەن قارشىلاشقان، يوشۇرۇن ھالەتتە ئۇلارغا مۇۋاپىقلاشقان ۋە قەلبى مايىل بولغان كىشى بولۇپ، بۇنداق كىشىمۇ ھەم كاپىردۇر. ئەگەر ئاشكارا ھالەتتە ئىسلامغا ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭ قېنى ۋە مېلى ساقلىنىپ قالىدۇ، لېكىن بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇ مۇناپىق بولىدۇ.

• ئۈچىنچى خىل ھالەت، يوشۇرۇن ھالەتتە ئۇلار بىلەن قارشىلاشقان،

---

[1] سۈرە نەھل 106 ـ ئايەت.

ئاشكارا ھالەتتە ئۇلار بىلەن مۇۋاپىقلاشقان كىشى. بۇ خىل ھالەت تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى تۈر، ئۇ كىشى كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، كاپىرلارنىڭ ئۇرۇش، سولاش ۋە قىيناش ياكى ئەگەر سەن بىزگە مۇۋاپىقلاشمىساڭ ۋە بويسۇنمىساڭ سېنى ئۆلتۈرىمىز دېگەندەك تەھدىتلىرى ئاستىدا شۇنداق قىلىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە خۇددى ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش قەلبى ئىمان بىلەن راھەتلىنىپ تۇرۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشتە كاپىرلارغا مۇۋاپىقلىشىشى دۇرۇس بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْرًا فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ــ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ــ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَلَيْسَ مِنَ اللَّهِ فِي شَيْءٍ إِلَّا أَنْ تَتَّقُوا مِنْهُمْ تُقَاةً وَيُحَذِّرُكُمُ اللَّهُ نَفْسَهُ وَإِلَى اللَّهِ الْمَصِيرُ﴾ «مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر»[2]. مانا بۇ ئىككى ئايەت يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر، ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) ھەم «سۈرە ئال ئىمران»نىڭ تەپسىرىدە مۇشۇ چۈشەنچە ھەققىدە ئەسكەرتكەن.

[1] سۈرە نەھل 106ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 28ـ ئايەت.

ئىككىنچى تۈر، كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئەمەس تۇرۇپ يوشۇرۇن ھالەتتە قارشى چىققان، سىرتقى ھالىتىدە ئۇلارغا مۇۋاپىقلاشقانلىقىنى نامايان قىلغان كىشى بولۇپ، بۇ كىشىنى ئاشۇنداق قىلىشقا ئۈندىگەن نەرسە ئەمەل-مەنسەپ، ياكى مال-دۇنيا تەمە قىلىش، ياكى ۋەتىنى ۋە ئائىلىسىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ياكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن خەۋپسىرەش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ كىشى مۇرتەد بولۇپ كېتىدۇ، يوشۇرۇن ھالەتتە قارشى چىققانلىقى ئۇنىڭغا قىلچىلىك پايدا بەرمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمُ اسْتَحَبُّوا الْحَيَاةَ الدُّنْيَا عَلَى الْآخِرَةِ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ﴾ «بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ۋە الله نىڭ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر»][1].[2]

❖ **مەزكۇر تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە تۈرلۈك مەسىلەر**

بۇ يەردە بىرقانچە تۈرلۈك مەسىلە بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

• بىرىنچى، كاپىرنىڭ مۇسۇلمان ئايالغا ئۆيلىنىشىنىڭ ھۆكمى. كاپىرنىڭ مەيلى يەھۇدىي، ناسارا، بۇتپەرەس ۋە ياكى دىنسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئايالغا ئۆيلىنىشى مۇتلەق دۇرۇس بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُنْكِحُوا الْمُشْرِكِينَ حَتَّى يُؤْمِنُوا وَلَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ أُولَئِكَ يَدْعُونَ إِلَى النَّارِ وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى الْجَنَّةِ وَالْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِ وَيُبَيِّنُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ﴾ «مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە مۇئمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۇئمىن قۇل، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ، الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، كىشىلەر پەند-نەسىھەت ئالسۇن دەپ الله ئۇلارغا ئۆز

---

[1] سۈرە نەھل 107- ئايەت.

[2] «مجموعة التوحيد» 364-، 365- بەتلەر.

ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ»[1].

مۇسۇلمان ئەرنىڭ كاپىر ئايالغا ئۆيلىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەگەر ئۇ ئايال ئەھلى كىتاب بولمىسا، مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئۇنداق ئايالغا ئۆيلىنىشىنىڭ ھالال ئەمەسلىكىگە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَنْكِحُوا الْمُشْرِكَاتِ حَتَّى يُؤْمِنَّ﴾ «(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار»[2].

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشى دۇرۇس. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ إِذَا آتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَافِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِي أَخْدَانٍ﴾ «سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئېيپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا-يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر»[3]. بۇ ئايەتتىكى ئەففە ئاياللار ئىپپىتىنى سېتىۋەتمىگەن ئاياللارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئىپپىتىنى سېتىۋەتكەن ئاياللار كاپىر بولسۇن ياكى مۇسۇلمان بولسۇن، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش دۇرۇس بولمايدۇ.

• ئىككىنچى، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمىغان، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلارغا ياردەم بەرمىگەن، بەلكى مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلغان كاپىرلارنى دوست تۇتماستىن، ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش دۇرۇس بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ﴾ «(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن

[1] سۈرە بەقەرە 221- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 221- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ»[1].

• ئۈچىنچى، تىجارەت، سودا-سېتىق ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش دۇنيالىق ئىشلاردا كاپىرلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش دۇرۇس. چۈنكى، مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دەۋرىدىمۇ كاپىرلار بىلەن تىجارەت قىلاتتى، ئۇلاردىن قورال-ياراق، كىيىم-كېچەك، مال-چارۋا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى. بۇنداق ئىشلار كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىق ھېسابلانمايدۇ، بەلكى بۇ — ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش بولۇپ، بۇ ئىشلاردا مۇسۇلمانلارمۇ پايدىغا ئېرىشىدۇ.

• تۆتىنچى، مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئەندىشە قىلسا، كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە ئۇلارغا ماسلاشقاندەك قىياپەتتە ھايات كەچۈرسە دۇرۇستۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَٰلِكَ فَلَيْسَ مِنَ اللَّهِ فِي شَيْءٍ إِلَّا أَنْ تَتَّقُوا مِنْهُمْ تُقَاةً﴾ «مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[2].

كۆرۈنۈشتە ئۇلارغا ماسلاشقاندەك قىياپەتتە ھايات كەچۈرۈش — كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا مال بېرىش ياكى بەزى يېقىق سۆزلەرنى قىلىش ۋە ياكى ئۇلار مەقسەت قىلغان دۇنيالىق نەرسىنى ئۇلارغا بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ بولسا دوست تۇتۇش ھېسابلانمايدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر كۆرۈنۈشتە ئۇلارغا ماسلاشقاندەك قىياپەتتە ھايات كەچۈرۈش بىلەن خۇشامەت قىلىشنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. كۆرۈنۈشتە ئۇلارغا ماسلاشقاندەك قىياپەتتە ھايات كەچۈرۈش — كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن زۆرۈرىيەت

[1] سۈرە مۇمتەھىنە 8- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تېپىلغاندا بەزى ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئەمما خۇشامەت قىلىش بولسا كاپىرلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن چۈشۈپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تُطِعِ الْمُكَذِّبِينَ۞ وَدُّوا لَوْ تُدْهِنُ فَيُدْهِنُونَ۞﴾ «ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلمىغىن [8]. ئۇلار سېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ [9]»[1].

كاپىرلار رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۆزىنىڭ ئىلاھلىرىغا بىر يىل، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىلاھىغا بىر يىل ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى ئۇنداق قىلىشتىن چەكلەپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿قُلْ يَاأَيُّهَا الْكَافِرُونَ۞ لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ۞ وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ۞ وَلَا أَنَا عَابِدٌ مَا عَبَدْتُمْ۞ وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ۞ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ۞﴾ «(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، <ئى كاپىرلار! [1]. سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن [2]. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان الله قا ئىبادەت قىلمايسىلەر [3]. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق [4]. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان الله قا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق [5]. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن> [6]»[2].

الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى كاپىرلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشتىن ۋە ئۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن چۈشۈپ بېرىشتىن توسقان. ھالەت قانچىلىك ئېغىر بولۇپ كېتىشتىن قەتئىينەزەر، كاپىرلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن چۈشۈپ بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ كَادُوا لَيَفْتِنُونَكَ عَنِ الَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ لِتَفْتَرِيَ عَلَيْنَا غَيْرَهُ وَإِذًا لَاتَّخَذُوكَ خَلِيلًا۞ وَلَوْلَا أَنْ ثَبَّتْنَاكَ لَقَدْ كِدْتَ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْئًا قَلِيلًا۞ إِذًا لَأَذَقْنَاكَ ضِعْفَ

[1] سۈرە قەلەم 8-، 9- ئايەتلەر.

[2] سۈرە كافىرۇن 1- ئايەتتىن 6- ئايەتكىچە.

الْحَيَاةِ وَضِعْفَ الْمَمَاتِ ثُمَّ لَا تَجِدُ لَكَ عَلَيْنَا نَصِيرًا﴾ «ئۇلار سېنى بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان قۇرئانغا خىلاپلىق قىلدۇرۇپ، بىزگە قۇرئاندىن غەيرىنى ئىپتىرا قىلدۇرۇشقا تاس قالدى، (ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قىلغىنىڭدا) ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى (ئۆزلىرىگە) دوست قىلىۋالاتتى [73]. سېنى بىز (ھەقتە تۇرۇشتا) مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغان ئىدىڭ [74]. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ئازاب بەرگەن بولاتتۇق، ئاندىن سەن بىزگە قارشى ياردەم بېرىدىغان ھېچ ئادەم تاپالمايتتىڭ[75]»①.

سەل قارايدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىش دائىرىسىگە تەۋە دەپ قارايدىغان بولۇپ، بۇ سۆز تۈپتىن خاتادۇر. ئىسلام دىنىدا ئۆچ كۆرۈش ياكى ياخشى كۆرۈش، دوستلىشىش ياكى دۈشمەنلىشىش مەۋجۇدتۇر. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ مەسىلىنى ھەددىدىن زىيادە چىڭىتىپ، كاپىرلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىق دەپ ئويلىۋالىدۇ. بۇ ھەم خاتادۇر. چۈنكى، قۇرئان ۋە سۈننەتكە نەزىرىنى ئاغدۇرغان كىشى بۇ مەسىلىدە تەپسىلىي ھۆكۈملەرنىڭ بارلىقىنى تاپالايدۇ. بۇنداق مەسىلىلەردە توغرا بىلەن خاتانى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن شەرئىي مەسىلىلەرگە تەپسىلىي قارىشىمىز كېرەك.

**❖ ئۇرۇشتا كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىشقا بولامدۇ؟**

كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا باشقا كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىش مەسىلىسىدە ئالىملار ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىرىنچى خىل قاراشتىكى ئالىملار كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىش قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ بولسا مالىكىي مەزھىبىدىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشى ۋە ئىمام

① سۈرە بەنى ئىسرائىل 73- ئايەتتىن 75- ئايەتكىچە.

ئەھمەدنىڭ بىر رىۋايىتى بولۇپ، ئىبنى مۇنزىر، ئىبنى ھەزىم، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئالىملارمۇ مۇشۇ قاراشنى قوللىغان. بۇلارنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد غازىتىغا چىقماقچى بولغاندا بىر تۈركۈم مۇشرىكلار كېلىپ: «بىز سەن بىلەن بىللە چىقايلى» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بىز مۇشرىكلارنى ياردەمگە چاقىرمايمىز» دېگەن.[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر غازىتىغا ماڭغاندا، بىر كىشى كېلىپ: <ساڭا ئەگىشىش ئۈچۈن كەلدىم> دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <سەن قايتىپ كەت! مەن مۇشرىكنى قەتئىي ياردەمگە چاقىرمايمەن> دېدى».[2]

بۇ توغرىسىدا يەنە كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار بولۇپ، بۇ ئورۇندا بىز پەقەت مۇشۇلار بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكى ئالىملار كاپىرلارغا قارشى كاپىرلاردىن ياردەم سوراش بىرقانچە تۈرلۈك شەرتلەر ئاستىدا دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارىغان. بۇ بولسا ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدۇر، شۇنداقلا ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ يەنە بىر خىل قارىشىدۇر.

**شەرتلىك دۇرۇس دېگەن ئالىملارنىڭ كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن شەرتلىرى**

ئالىملار كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىشنىڭ تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن:

• بىرىنچى، ياردەم سورالماقچى بولغان كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا كۆزقارىشى ياخشى بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن

---

[1] ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

خاتىرجەم بولۇشى. ئىبنى قۇدامە (رەھىمەھۇللاھ) «المغني»ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ياردەم سورالماقچى بولغان كاپىرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا كۆزقارىشىنىڭ ياخشى بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ياردەم سورالماقچى بولغان كاپىر ئىشەنچسىز بولسا، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىدە قالايمىقانچىلىق ۋە پىتنە-پاسات تارقىتىدىغان ھەمدە يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغان مۇسۇلمان كىشىنى جەڭگە بىرگە ئېلىپ چىقىش دۇرۇس بولمىغاچقا، ئىشەنچسىز كاپىردىن ياردەم سوراش تېخىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ».

• ئىككىنچى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ غالىب بولۇشى. ياردەم سورالغان كاپىرلار مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارغا بويسۇنۇشى كېرەك. ئىبنى ئابدۇلبەر ئىمام شافىئىي، سەۋرى، ئەۋزائى، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىدىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «ئىسلامنىڭ ھۆكمى غالىب بولۇش شەرتى بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى باشقا مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراشتا ھېچبىر چەكلىمە يوق. ئەمما، مۇشرىكلارنىڭ ھۆكمى غالىب بولىدىغان ئەھۋالدا ياردەم سوراش چەكلىنىدۇ». ئىمام تەھاۋىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتا بولغان.

• ئۈچىنچى، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولۇش. يۇقىرىقى ئىككىنچى شەرت بىلەن بۇ شەرتنىڭ پەرقى شۇكى، يۇقىرىقى شەرت ئۇرۇشتىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەرت بولسا ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

• تۆتىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ ياردەم سورالماقچى بولغان كاپىرلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قېلىشى. ئىمام نەۋەۋى ئىمام شافىئىي ۋە يەنە بىر

بۇلۇك ئالىملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان كۆزقارىشى ياخشى بولسا ۋە كاپىرلاردىن ياردەم سوراشقا ھاجەت چۈشسە، كاپىرلاردىن ياردەم سوراشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، كاپىرلاردىن ياردەم سوراش مەكرۇھتۇر. ئىمام ھازىمى، ئىمام شەۋكانى ۋە ئىمام ئالۇسىمۇ كاپىرلارغا ھاجەت چۈشۈشنى شەرت قىلغان.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار يۇقىرىقى شەرتلەردىن باشقا شەرتلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ شەرتلەرنىڭ دەلىللىرى فىقھى كىتابلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئەمما بۇ ئورۇندا كۈچلۈك ۋە مەشھۇر بولغان ئىككى خىل قاراشنى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى بايان قىلدىم.

خۇلاسە شۇكى، يۇقىرىدا ئالىملارنىڭ كاپىرلاردىن ياردەم سوراش ھەققىدىكى ئىككى خىل قارىشىنى بايان قىلدىم. بىرى، «كاپىرلاردىن ياردەم سوراش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس» دېگەن ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر؛ يەنە بىرى، «كاپىرلارنىڭ ياردىمىگە ھاجەت چۈشكەندە كاپىرلاردىن ياردەم سوراش دۇرۇس» دېگەن قاراش. ئەگەر بۇ توغرىسىدا تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ئەبۇ يەھيا لىبىينىڭ «المورد العذب لبيان حكم الاستعانة بالكفار في الحرب» ناملىق كىتابىغا ۋە ھەمىد ئىبنى ئوقەلا شۇئەيبىنىڭ «القول المختار في حكم الاستعانة بالكفار» ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

❖ **مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى باغىي گۇرۇھلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىش**

بۇ مەسىلىدە ئالىملارنىڭ ئوخشىمىغان قاراشلىرى بار بولۇپ، توغرا ۋە كۈچلۈك قاراشتا دۇرۇس بولمايدۇ. بۇ — كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

ئەگەر باغىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كاپىرلارنىڭ شەۋكىتىنىڭ كۈچلىنىشىگە ۋە كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىگە سەۋەب بولسا ھەمدە مۇشۇ ئۇرۇش ئارقىلىق كاپىرلار مۇسۇلمانلار ئېرىشكەندىن كۆپرەك

مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان بولۇپ قالسا، بۇ ئۇرۇشنى قىلىش كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىق ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ»[1].

ئىبنى ھەزىم مۇنداق دېگەن: «ئىسلام چېگرالىرىنى قوغداۋاتقان بىرەر مۇسۇلمان ئۆز-ئارا جېدەللىشىپ قالغان سەۋەبلىك، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋېلىش ۋە ياكى ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىش ئۈچۈن، مۇشرىكلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىشلەتسە، نەتىجىدە شۇ كىشى غەلىبە قىلىپ مۇشرىكلار شۇ كىشىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان بولسا، ئۇ كىشى ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى پاسىق بولۇپ، ھالاكەت يولىغا ماڭغان بولىدۇ. لېكىن، ئۇ كىشى شۇ قىلمىشى بىلەن كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، چۈنكى قۇرئان ياكى ئىجمادا شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر دەلىل يوق.

ئەگەر ئۇ كىشى كاپىرلارنىڭ ھۆكمى ئاستىدا ماڭىدىغان بولۇپ قالسا، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. بىز بۇنىڭ دەلىللىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھۆكۈملىرى ئۆزلىرىگە ئايرىم ئىجرا بولىدىغان بولسا، بىز ئۇ كىشىنى كاپىر دەپ قارىمايمىز. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر»[2].

ئىبنى ھەزىم باغىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مۇشرىكلار، زىممىيلار ۋە ياكى باشقا باغىيلاردىن ياردەم سوراش مەسىلىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىر قىسىم ئالىملار ياردەم سوراش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارىغان. ئىمام شافىئىي

[1] سۈرە مائىدە 51- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «المحلي» 12- توم 127- بەت.

(رەھىمەھۇللاھ)مۇ مۇشۇ قاراشتا بولغان. ئەمما، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ شاگىرتلىرى باغىيلارغا قارشى زىممىي مۇشرىكلارنى ۋە شۇلارغا ئوخشايدىغان باغىيلارنى ياردەمگە چاقىرسا دۇرۇس دەپ قارىغان». ①

باغىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مۇشرىكلارنى ياردەمگە چاقىرىش دۇرۇس دېگەن قاراشتىكى بىر قىسىم ئالىملار، ياردەمگە چاقىرغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى، شەۋكىتى بار تۇرۇقلۇق ياردەم سوراشقا قاتتىق قىستالغان بولۇشىنى؛ ياردەمگە چاقىرىش سەۋەبلىك بىرەر مۇسۇلمان ۋە ياكى زىممىينىڭ قېنى، مېلى ۋە يۈز ـ ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكنى شەرت قىلغان.

بىر قىسىم كىشىلەر كاپىرلارغا ياردەملىشىش بىلەن كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىش ئارىسىنى ئايرىپ قارىغان، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر كاپىرلارغا ياردەملىشىشنى كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويغان، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر كاپىرلاردىن ياردەم سوراشنى كاپىرلار بىلەن ھەمكارلىشىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويغان. كاپىرلارغا ياردەملىشىپ ئۇلارنىڭ قانۇنىنى ئۈستۈن قىلىش ياكى قوللاپ قۇۋۋەتلەش ــ كۇفۇرلۇقتۇر. ئەمما، كاپىرلارنى ياردەمگە چاقىرىش ــ ئالىملار ئۆزىنىڭ فىقھى كىتابلىرىدا بايان قىلغىنىدەك، كاپىرلارنىڭ ھۆكمى ئۈستۈن بولماسلىق، كاپىرلارنىڭ خىيانىتىدىن ئەمىن بولۇش ۋە كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان كۆزقارىشى ياخشى بولۇش شەرتى ئاستىدا، بەزى ئالىملار دۇرۇس بولىدۇ دېسە، يەنە بەزى ئالىملار ھارام دېگەن كۆز قاراشتا بولغان فىقھى مەسىلىدۇر.

۞ ۞ ۞

① «المحلي» 11 ـ توم 355 ـ بەت.

## ئىسلامنى بۇزىدىغان توققۇزىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىمكى <خىزىرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن چىقىپ كېتىشى دۇرۇس بولغاندەك، بەزى كىشىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شەرىئىتىدىن چىقىپ كېتىشى دۇرۇس بولىدۇ> دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشى كاپىردۇر».

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئايەت ۋە تېكىستلەرنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ**﴾ «سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلْ يَاأَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الْأُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى الله قا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، الله قا ۋە الله نىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار>»[2].

---

[1] سۈرە سەبەئ 28- ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف 158- ئايەت.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تَبَارَكَ الَّذِي نَزَّلَ الْفُرْقَانَ عَلَى عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيرًا﴾ «پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَلْ يَنْظُرُونَ إِلَّا أَنْ تَأْتِيَهُمُ الْمَلَائِكَةُ أَوْ يَأْتِيَ رَبُّكَ أَوْ يَأْتِيَ بَعْضُ آيَاتِ رَبِّكَ يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ آيَاتِ رَبِّكَ لَا يَنْفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا قُلِ انْتَظِرُوا إِنَّا مُنْتَظِرُونَ﴾ «ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قىياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. <(سىلەر ئۆزۈڭلارغا كېلىدىغان) ئىشلارنى كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز> دېگىن»[②].

شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئۆز كىتابىدا بىزنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىشكە ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتمەسلىككە بۇيرۇغان. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كېتىش دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇممەتلىرىمدىن پەقەت ئۇنىمىغان كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ> دېگەندە، ساھابىلەر: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىمىغان كىشىلەر كىم؟> دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ﷺ: <ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، ماڭا ئاسىي بولغان كىشى (جەننەتكە كىرىشكە) ئۇنىمىغان كىشىدۇر> دەپ جاۋاب بەردى»[③].

---

[①] سۈرە فۇرقان 1 ـ ئايەت.
[②] سۈرە ئەنئام 158 ـ ئايەت.
[③] بۇخارى توپلىغان.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماڭا مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىگە بېرىلمىگەن مۇنداق بەش تۈرلۈك نېئمەت بېرىلدى: ماڭا بىر ئايلىق مۇساپە يىراقلىقتىكى كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى؛ زېمىن مەسجىد ۋە پاكىز جاي قىلىپ بېرىلدى؛ غەنىيمەتلەر مەندىن ئىلگىرىكى ھېچبىر كىشىگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى، ماڭا ھالال قىلىپ بېرىلدى؛ ماڭا شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى؛ ھەربىر پەيغەمبەر پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى، مەن بولسام پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم».[①]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەھلى كىتابتىن ئالغان بىر كىتابچىنى ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە ئوقۇپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ: <سىلەر ئىسلامدا گاڭگىراپ قېلىۋاتامسىلەر؟ ئى ئىبنى خەتتاب! جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ئىسلامنى ئوچۇق ۋە سۈپسۈزۈك ھالەتتە ئېلىپ كەلدىم. سىلەر ئەھلى كىتابتىن بىرەر نەرسە توغرىسىدا سورىماڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرگە ھەق سۆزنى خەۋەر قىلسا، ئۇنى يالغانغا چىقىرىشىڭلار؛ يالغاننى خەۋەر قىلسا، ئۇنى تەستىقلىشىڭلار مۇمكىن. جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالام ھايات بولغان بولسا، ماڭا ئەگەشكەن بولاتتى> دېدى».[②]

قۇرئان ياكى ھەدىس تېكىستلىرىدە ئېنىق ئىسپاتلانغان بىرەر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدىغان تۇرسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇمۇمىي ئەلچىلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشى قانداقمۇ كاپىر بولمىسۇن؟ كىمكى

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] ئەھمەد توپلىغان.

مۇھەممەد ﷺ نىڭ شەرىئىتىگە ئىمان كەلتۈرسە، ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ئەلچىلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇنداق قىلمىغان كىشىلەرنىڭ كەلتۈرگەن ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ساھابىلەر ئىنسانلار ئىچىدە الله نى ئەڭ ياخشى تونۇغان، ئىمانى كۈچلۈك كىشىلەر ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشەتتى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. چۈنكى، ئۇلار الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ھەمسۆھبەت بولۇشقا تاللانغان كىشىلەر ئىدى.

ئەمما، خىزىرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن چىقىپ كەتتى دەپ دەۋا قىلىدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسى يالغاندۇر. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىرغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلمىگەن، الله تائالا خىزىرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشى ۋە ئىتائەت قىلىشىنى ۋاجىب قىلمىغان. ھەتتا خىزىر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىنمۇ بولمىغان.

باشقا پەيغەمبەرلەر پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلەتتى، مەن بولسام پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم».[1]

ئۇبەي ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «خىزىر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ‹ئى مۇسا! الله تائالا ساڭا بىر بۆلۈك ئىلىملەرنى بىلدۈرگەن بولۇپ، مەن ئۇنى بىلمەيمەن؛ ماڭا بىر بۆلۈك ئىلىملەرنى بىلدۈرگەن بولۇپ، سەن ئۇنى بىلمەيسەن› دېگەن».[2]

يۇقىرىقى ھەدىستىن خىزىرغا بىلدۈرۈلگەن بەزى ئىلىملەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلمەيدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. بۇنىڭدىن مۇسا

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلمەي، پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا خاس پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دەۋىتى پۈتكۈل كىشىلەرگە ئومۇمىي بولۇپ، ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىشى توغرا بولمايدۇ. ئىسلام نېئمىتىگە مۇشەررەپ بولغان قايسىبىر كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خۇددى خىزىر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگەندەك، «الله تائالا ساڭا بىر بۆلۈك ئىلىملەرنى بىلدۈرگەن بولۇپ، مەن ئۇنى بىلمەيمەن؛ ماڭا بىر بۆلۈك ئىلىملەرنى بىلدۈرگەن بولۇپ، سەن ئۇنى بىلمەيسەن» دېيىشى قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ. كىمكى مۇشۇنداق دېيىشنى دۇرۇس دەپ قارىسا ياكى بىرەر بەندىنىڭ (مەيلى ئۇ ئەۋلىيا بولسۇن ۋە ياكى زاھىد كىشى بولسۇن) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋىتىدىن چىقىپ كېتىشىنى ۋە چىقىپ كەتكەن كىشىگە ئەگىشىشنى دۇرۇس دەپ قارىسا، ئۇ كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بىلەن كاپىردۇر. بۇ توغرىسىدا قۇرئان ۋە سۈننەتتە ناھايىتى كۆپ دەلىللەر مەۋجۇد.

❖ ❖ ❖

# ئىسلامنى بۇزىدىغان ئونىنچى ئامىل

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ دىنىنى ئۆگەنمەي ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي، الله نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈش ئىنساننى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنْ ذُكِّرَ بِآيَاتِ رَبِّهِ ثُمَّ أَعْرَضَ عَنْهَا إِنَّا مِنَ الْمُجْرِمِينَ مُنْتَقِمُونَ﴾ <پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز>[1].

➢ **بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

❖ **الله نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈش**

يۈز ئۆرۈش — دىنىنىڭ ئاساسىنى ئۆگىنىشتىن باش تارتىشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇمۇ ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. الله نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈش — الله نىڭ دىنىنى تەرك ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئىنسان مۇشۇ تۈردىكى يۈز ئۆرۈش ئارقىلىق كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا خَلَقْنَا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا إِلَّا بِالْحَقِّ وَأَجَلٍ مُسَمًّى وَالَّذِينَ كَفَرُوا عَمَّا أُنْذِرُوا مُعْرِضُونَ﴾ «ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ھەق ئاساستا مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە قالىدىغان) قىلىپ ياراتتۇق. كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ﴾ «ئېيتقىنكى، <الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار>، ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، الله كاپىرلارنى (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ»[3].

---

[1] سۈرە سەجدە 22 - ئايەت.

[2] سۈرە ئەھقاف 3 - ئايەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران 32 - ئايەت.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا عَذَابًا دُونَ ذَلِكَ وَلَكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ**﴾ «ئۇلار ئۇنىڭدىن (يەنى ئاخىرەتتىكى ئازابتىن) بۇرۇن (دۇنيادىمۇ بىر تۈرلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ)، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِنْهُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُولَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ**﴾ «(مۇناپىقلار) <الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق> دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۇئمىن ئەمەس»[2].

باتىل ئەقىدىنى ئەقىدە قىلغان ياكى ئوچۇق ھەقىقەتكە تانغان كىشى كاپىر بولغىنىدەك، كۇفرى ئەمەلنى ئىشلىگەن ياكى كۇفرى سۆزنى قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ئوچۇق ھەقىقەتنى تەرك ئەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. الله نىڭ دىنىنى ئۆگەنمەسلىك، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق؛ شەرىئەت تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەنلىككە ۋە چەكلىگەن ئىشلارنى قىلغانلىقىغا پەرۋا قىلماسلىق ــ الله نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ تۈردىكى كىشىلەر گەرچە ئىككى شاھادەتنى كەلىمىسىنى ئاشكارا ئېيتسىمۇ، ئۇنى قەلبىدە تەستىقلىمىغان كىشىلەردۇر.

الله نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى تەشەببۇس قىلغان ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجگە ئوخشاش ۋاجىب ئەمەللەرنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. قايسى بىر كىشى الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ۋە الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا يۇقىرىقى ۋاجىب ئەمەللەرنى ئادا قىلسا، الله نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈشتىن ئىبارەت ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىلدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

---

[1] سۈرە تۇر 47ـ ئايەت.

[2] سۈرە نۇر 47ـ ئايەت.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ۋاجىب قىلىپ بېكىتكەن ئەمەللەرنىڭ ھېچبىرىنى ئادا قىلمىغان كىشى، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگەن ھېسابلانمايدۇ».①

شۈبھىسىزكى، دىندا (ئىماندا) سۆز ۋە ئەمەلنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر. بىر كىشى ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجگە ئوخشاش دىنىنىڭ سىمۋوللىرى ھېسابلىنىدىغان ۋاجىب ئەمەللەرنى ئادا قىلمىسا، ئۇ كىشى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.

راست سۆزلەيدىغان، تەقسىمات ۋە ھۆكۈم قىلىشقا ئوخشاش ئىشلاردا ئادىل بولۇش پرىنسىپىنى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق يولى قىلىپ تاللىغان، ئەمما الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىلەر، شۇ ئىشلارنى قىلىش بىلەن كۇفۇر دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، بەلكى كاپىر ھالىتىدە قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى، ئەھلى كىتابتىن بولغان مۇشرىكلارمۇ راست سۆزلەش، تەقسىمات ۋە ھۆكۈمدە ئادىل بولۇشنى ۋاجىب دەپ قارايدۇ.

الله نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈش تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرى، دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان يۈز ئۆرۈش بولۇپ، بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا ئۆچۈق بايان قىلىندى. بۇ ھەم مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىنىڭ كىتابىدا يورۇتماقچى بولغان مەقسەتتۇر.

يەنە بىرى، دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان يۈز ئۆرۈش بولۇپ، بۇ ـــ ئىماننىڭ ئاساسي بولغان تەۋھىد مەۋجۇد بولغان، ئەمما ۋاجىب ئەمەللەر ئىچىدىكى بىرەر ئەمەلنى قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

شەيخ ئابدۇلەتىف ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ھەسەندىن ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللار ئىچىدىكى يۈز ئۆرۈش ئامىلى توغرۇلۇق سورالغاندا، جاۋابەن مۇنداق دېگەن: [كىشىلەر ئىماندا بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئەگەر

① «مجموع الفتاوى» 7- توم 621- بەت.

ئىنساندا ئاساسىي ئىمان مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇقلۇق، سەل قاراش ۋە كىچىك شېرىك يۈز بەرگەن بولسا، ئۇ پەقەت ۋاجىب ۋە مۇستەھەب ئەمەللەردە سادىر بولغان بولىدۇ. ئەمما، ئىنساندا ئۇنىڭ بىلەن ئىسلامغا كىرگەنلىك ھېسابلىنىدىغان ئاساسىي ئىمان يوق تۇرۇپ، بۇ ئەمەللەردىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈگەن بولسا، مانا مۇشۇنداق يۈز ئۆرۈش كۇفۇرلۇقتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِنَ الْجِنِّ وَالْإِنْسِ لَهُمْ قُلُوبٌ لَا يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لَا يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لَا يَسْمَعُونَ بِهَا أُولَئِكَ كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ**﴾ «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى**﴾ «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز»[②].

شەيخ سۇلايمان ئىبنى سەھمان مۇنداق دېگەن: «شەيخ ئابدۇلەتىف ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ھەسەننىڭ سۆزىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئىنسان ۋاجىب ۋە مۇستەھەبلەرنى ئۆگىنىشتىن باش تارتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئىسلامغا كىرگەنلىك ھېسابلىنىدىغان ئىماننىڭ ئاساسلىرىنى ئۆگىنىشتىن يۈز ئۆرۈش بىلەن كاپىر بولىدۇ»][③].

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [الله نىڭ زىكرى بولغان

---

[①] سۈرە ئەئراف 179 ـ ئايەت.

[②] سۈرە تاھا 124 ـ ئايەت.

[③] «دررالسنية» 10 ـ توم 472 ـ ۋە 473 ـ بەتلەر.

ۋەھيى ئارقىلىق ھىدايەت تېپىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ھەرقانداق كىشى قىيامەت كۈنىدە ھەسرەتتە قالىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَتَّى إِذَا جَاءَنَا قَالَ يَالَيْتَ بَيْنِي وَبَيْنَكَ بُعْدَ الْمَشْرِقَيْنِ فَبِئْسَ الْقَرِينُ﴾ «كاپىر ئادەم (ھەمراھى بىلەن قىيامەت كۈنى) دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا (ھەمراھىغا): <كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسا ئىكەن. (سەن) نېمىدېگەن يامان ھەمراھ! (چۈنكى سەن مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە سەۋەبچى بولدۇڭ)> دەيدۇ»[1].

يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قالغان كىشىلەرگە ئۆزرە بارمۇ؟ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُمُ اتَّخَذُوا الشَّيَاطِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ مُهْتَدُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئۇلار اللّٰه نى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ»[2]. بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى، ئۇلارغا ئۆزرە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى — ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدۇر. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يول تاپقان دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار سەل قارىغان ۋە ھىدايەتكە چاقىرغۇچىغا ئەگىشىشتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەردۇر.

دەۋەت يېتىپ كەلمىگەن ۋە ياكى دەۋەتنىڭ يېتىپ كېلىشى قىيىن بولغانلىقى سەۋەبلىك ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر يۇقىرىقى كىشىلەردىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇلارغا ئايرىم ھۆكۈم بېرىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى ئازاب ئايەتلىرى بىرىنچى تۈردىكى كىشىلەرگە (يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن ۋەھيى ئارقىلىق ھىدايەت تېپىشتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرگە) قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەرنى (يەنى دەۋەت يېتىپ

---

[1] سۈرە زۇخرۇف 38 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەلمىگەن ۋە ياكى يېتىپ كېلىشى قىيىن بولغان كىشىلەرنى) ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا ھۆججەت كەلتۈرمەي تۇرۇپ ھېچبىر كىشىنى ئازابلىمايدۇ]. ①

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: «چوڭ كۇفرى بەش تۈرلۈك بولۇپ، يۈز ئۆرۈش سەۋەبلىك كاپىر بولۇش بولسا شۇ بەش تۈرنىڭ بىرىدۇر. يۈز ئۆرۈگەن كىشى قەلبىدە پەيغەمبەر ﷺ دىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇنى تەستىقلىمايدۇ ئەمما يالغانغا چىقارمايدۇ، دوست تۇتمايدۇ ئەمما دۈشمەنمۇ تۇتمايدۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە قەتئىي قۇلاق سالمايدۇ». ②

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) «ئىماننى بۇزغۇچى ئامىللار» ناملىق كىتابىنى ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان: «ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسىدە پەقەت مەجبۇرلانغان كىشىدىن باشقا، چاقچاق قىلغان، راست سۆزلىگەن ۋە قورققان كىشىلەرنىڭ ھېچبىر پەرقى يوق. يۇقىرىقى ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە كىشىلەردە كۆپ سادىر بولۇپ قالىدىغان ئامىللاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمان كىشى قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى ۋە ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللارنى سادىر قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

اللهقا سېغىنىپ، ئۇنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇشتىن ۋە دەردلىك ئازابقا قېلىشتىن پاناھ سورايمىز. دۇرۇد ۋە سالاملار بارچە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان مۇھەممەد ﷺ گە ۋە ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا بولسۇن!».

**بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى**

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) چاقچاق قىلغان، راست

---

① «مفتاح دار السعادة» 1- توم 43- بەت.

② «مدارج السالكين» 1- توم 347- بەت.

سۆزلىگەن ۋە قورققان كىشىلەرنى ئوخشاش ھېسابلىدى. چاقچاق قىلىپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقى، «چاقچاق قىلغان ئىدىم» دېگەن ئۆزرىسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ئىسلامنى بۇزىدىغان ئالتىنچى ئامىلدا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

الله تائالا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلغان كىشىلەرنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ قُلْ أَبِاللَّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنْتُمْ تَسْتَهْزِئُونَ۞ لَا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُمْ بَعْدَ إِيمَانِكُمْ إِنْ نَعْفُ عَنْ طَائِفَةٍ مِنْكُمْ نُعَذِّبْ طَائِفَةً بِأَنَّهُمْ كَانُوا مُجْرِمِينَ۞﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: <بىز (راست ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق> دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا) <سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟> دېگىن [65]. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز [66]» ①.

چاقچاق قىلىپ سۆزلىگەن كىشىلەر توغرىسىدىكى ھۆكۈم مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، راست سۆزلىگەن كىشىلەر ھەققىدە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئىجماسى بار. ئىبنى نۇجەيىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىمكى كۇفۇر سۆزنى چاقچاق قىلىپ ياكى ئوينىشىپ دېگەن بولسا، پۈتكۈل ئالىملارنىڭ قارىشىدا كاپىر بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئېتىقادى ئېتىبارغا

① سۈرە تەۋبە 65 ـ، 66 ـ ئايەتلەر.

ئىلىنمايدۇ». ①

ئۆزىگە قىلىچ تەڭلەنگەن ھالەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللاش ياكى بۇتلارغا سەجدە قىلىش ۋە ياكى كۇفرى سۆز قىلىشقا قىستالغان ۋە مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما، بۇلاردىن تۆۋەن ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. لېكىن، مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ قەلبى ئىمان بىلەن راھەتلەنگەن ھالەتتە كۇفرى سۆزنى قىلىشى دۇرۇستۇر. مەجبۇرلانغان كىشى دېگەندە، مەجبۇرلىغۇچىنىڭ تەھدىد سالغان ئىشلارنى قىلالىشى، مەجبۇرلانغۇچىنىڭ تەھدىد سېلىنغان ئىشلاردىن قېچىپ قۇتۇلالماسلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْرًا فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ــــ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ــــ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ»②.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىمكى كۇفرى سۆزنى دېسە ياكى كۇفرى ئەمەلنى قىلسا، كاپىر بولۇشنى مەقسەت قىلمىسىمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ھېچبىر كىشى كاپىر بولۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ. پەقەت الله خالىغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا». ③

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) بايان قىلغان ئىسلامنى بۇزىدىغان 10 ئامىل كۆپ كىشىلەردە سادىر بولۇپ قالىدىغان ئەڭ خەتەرلىك

---

① «البحر الرائق» 5ـ توم 134ـ بەت.

② سۈرە نەھل 106ـ ئايەت.

③ «الصارم المسلول» 1ـ توم 184ـ بەت.

ئامىللار بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشى، ئاگاھ بولۇشى ۋە ئۇنى ئۆگىنىشى زۆرۈردۇر.

❁ ❁ ❁

## خاتىمە

كاپىرنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىش شەرئىي ھۆكۈمدۇر. ﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلغان كىشى كاپىر دېيىلىدۇ. كاپىر دېيىش كىشىلەرنىڭ ھەقلىرى بولماستىن، بەلكى ﷲ نىڭ ھەقلىرىدىندۇر. ﷲ نىڭ دىنىنى بىلمەسلىك — پۈتۈن بالا-مۇسىبەت ۋە يامانلىقنىڭ مەنبەسى ھەمدە چوڭ-كىچىك گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ سەۋەبىدۇر. گۇناھ-مەئسىيەتلەر — دۇنيادىكى پۈتكۈل يامانلىقنىڭ سەۋەبىدۇر. دېمەك، دۇنيادىكى ھەرقانداق يامانلىق ئاقىۋەتتە ئىلىمسىزلىككە بېرىپ تاقىشىدۇ.

ياخشى كۆرۈلىدىغان سۈپەتنىڭ ھەممىسى ئىلىمنىڭ، ئۆچ كۆرۈلىدىغان سۈپەتنىڭ ھەممىسى ئىلىمسىزلىكنىڭ مەھسۇلىدۇر.

**ئەسكەرتىش**

ئىسلام شەرىئىتى بىر قىسىم ئورۇنلاردا بەزى كىشىلەرنىڭ بىلمەسلىك ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن، بىلمەسلىك ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدىغان بىر كىشى كۇفرى ئەمەلنى قىلىپ سالغان بولسا، مۇئەييەن كىشىنى كاپىر دېيىشنىڭ شەرتلىرى تولۇق ھازىرلىنىپ، كاپىر دېيىشتىن چەكلىگۈچى ئامىللار تولۇق يوقالماي تۇرۇپ، ئۇ كىشى كاپىر دېيىلمەيدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبْعَثَ رَسُولًا﴾ «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق»[①].

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مۇئەييەن بىر كىشىنى كاپىر دېيىشنىڭ شەرتلىرى ۋە كاپىر دېيىشتىن چەكلىگۈچى ئامىللىرى بار. گاھىدا مۇئەييەن بىر كىشىنى كاپىر دېيىشنىڭ شەرتلىرى تولۇق تېپىلمىغاننىڭ ئۈستىگە، كاپىر دېيىشتىن چەكلىگۈچى ئامىللار مەۋجۇد بولۇپ قالىدۇ. كىمكى مۇنداق ئىشنى قىلسا كاپىر بولىدۇ دەپ ئام كاپىرغا چىقىرىش

① سۈرە ئىسرا 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەرگىزمۇ شۇ ئىشنى سادىر قىلغان مۇئەييەن شەخسنى كاپىرغا چىقىرىشنى تەقەززا قىلمىۋەرمەيدۇ، لېكىن شەرتلەر تېپىلسا ۋە كاپىر دېيىشتىن چەكلىگۈچى ئامىللار يوقالسا، ئاندىن مۇئەييەن بىر كىشىنى كاپىر دېيىشكە بولىدۇ. (مۇئەييەن بىر كىشىنى كاپىر دېيىش ئۈچۈن، كاپىر دېيىشتىن توسىدىغان ئامىللارنى بىلىدىغان مۇجتەھىد ئالىملار ياكى قازىلار بولۇشى كېرەك) ئىمام ئەھمەد ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئالىملار ئومۇمىي سۆزلەرنى (يەنى بۇنداق قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ ياكى ئۇنداق قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاش مۇتلەق سۆزلەرنى) ئىشلەتكەن، لېكىن شۇنداق قىلغان مۇئەييەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى كاپىر دېمىگەن».①

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇئەييەن بىر شەخسنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىش ياكى ئۇنى دوزاخقا كىرىدۇ دېيىش مۇئەييەن بىر دەلىلگە قاراشلىق بولىدۇ. مۇئەييەن بىر شەخسنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىش — شەرتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە چەكلىگۈچى ئامىللارنىڭ يوق بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ»②.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مۇئەييەن شەخسنى كاپىر دېيىش مەسىلىسى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان بىر مەسىلە. ئەگەر بىر كىشى ئۇنى دېيىش ئارقىلىق كاپىر بولۇپ كېتىدىغان بىر سۆزنى دېسە، <قانداق بىر كىشى مۇشۇ سۆزنى دېسە كاپىر بولىدۇ> دېيىلىدۇ، ئەمما شۇ سۆزنى دېگەن كىشىگە ئىنكار قىلسا كاپىر بولىدىغان دەرىجىدىكى ھۆججەتنى يەتكۈزمەي تۇرۇپ كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ».③

ئى الله ! بىزلەرنى ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللارنى سادىر قىلىشتىن يىراق قىلغىن. ئۆزۈڭ رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا

---

① «مجموع الفتاوى» 12 ـ توم 487 ـ بەت.

② «مجموع الفتاوى» 12 ـ توم 498 ـ بەت.

③ «الدررالسنية» 8 ـ توم 244 ـ بەت.

مۇيەسسەر قىلغىن. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن خالىي ھالدا ساغلام قەلب بىلەن دەرگاھىڭغا قايتىشىمىزغا ياردەم بەرگىن. بارچە ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن!

❁ ❁ ❁